ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى ئانا تىل كومىتېتى تۈزگەن

ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى دەرسلىكلىرى

تىل-ئەدەبىيات

5-كىتاب



تىل-ئەدەبىيات

5-كىتاب




ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى ئانا تىل كومىتېتى تۈزگەن

ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى دەرسلىكلىرى

تىل-ئەدەبىيات

5-كىتاب





ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى

ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى «ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى» دەرسلىكلىرى

تىل-ئەدەبىيات ـــ 5-كىتاب

(5-يىللىقلار ئۈچۈن)

تۈر دېرېكتورى: دr. رىشات ئاببا س

تۈر مەسئۇللىرى: دr. گۈلنار ئەزىز، دr. مەغپىرەت كامال، ئابدۇلھەمىد قاراخان

دەرسلىك تۈزۈش ھەيئىتى

مەسلىھەتچى: پروف. دr. شاھلو يۇلداشېۋا، پروف. دr. فىردەۋس گۈنەش، دr. نۇرنىسا قۇربان

باش تۈزگۈچى: دوتسېنت. دr. رائىلە ئابدۇۋاھىت كاشغەرىي

تۈزگۈچىلەر: مېھرىئاي شىرئەلى ئەزىزتەكىن، ئادىلە ئەنۋەر قاراخان

باش تەھرىر ۋە كوررېكتور: خۇمارگۈل ياقۇپ

تەھرىر ھەيئىتى: پروف. دr. دىلنۇر قاسىموۋا، دr. زۇلھەججەگۈل ئابدۇرېشىت، دr. ۋارىس ئابدۇكېرىم جانباز، ئا. سەردار زاغئوغلى، تۇرغۇنجان مۆمىن، دىلنۇر ئابدۇرەھىم، رەنا قاراخان، سەلىمە ئا. كامال، سۇبھىنۇر ئۆمەرجان، سۇرەييا ئابلىمىت قەشقەرى، يۇلتۇز تېيىپجان

پۇتۇكچىلەر: رازىيە مەمەت تۇرسۇن، مۇنىرە مەمەت

رەسسام: گۈلناز تۇرسۇن

فوتوگراف: ئابلىكىم ئەمەت

مۇقاۋا ۋە بەت لايىھەلىگۈچى: ئابدۇلئەزىز ئاقھۇن

تەكشۈرۈپ بېكىتىش ھەيئىتى

مەسئۇل مۇھەررىر: ئەنۋەر مۇھەممەد

تەھرىر ھەيئىتى: پروف.دr. ئالىمجان ئىنايەت، پروف. دr. گۈلنىسا نازاروۋا، دوتسېنت. دr. رائىلە ئابدۇۋاھىت كاشغەرىي، دوتسېنت. دr. رۇسلان ئارزىيېۋ، دr. پەيزۇللا زەيدۇن، دr. گۈلنار ئەزىز، دr. ماھىرە ياقۇپ، دr. مەغپىرەت كامال، دr. نۇرنىسا قۇربان

نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى: ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى
تور ئادرېسى: www.akademiye.org
نەشرىيات: تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى
بىرىنچى نەشرى

كىتاب نومۇرى (ISBN): 978-1-959397-21-2



ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى ئانا تىل كومىتېتى تۈزدى
ئىستانبۇل، 2024

Uyghur Academy “Uyghur Language Arts” Textbook Series

Uyghur Language Arts

Grade 5

Project Director: Dr. Rishat Abbas

Project team: Dr. Gülnar Eziz, Dr. Magfiret Kamal, Abdulhamit Karahan

Program Author Team

Advisors: Prof. Dr. Shahlo Yuldasheva, Prof. Dr. Firdevs Günes, Dr. Nurnisa Qurban

Lead Program Author: Assoc. Prof. Dr. Reyila Kasgarli

Program Authors: Mihray Xieraili Aziztekin, Adile Enwer Qarahan

Program Editor and Proofreader: Hümagül Hümeyra Uluyol

Program Editors: Prof. Dr. Dilnur Qasımova, Dr. Zulhejjegul Abdureshit, Dr. Waris Abdukerim Janbaz, A. Serdar Zagh’oghli, Turgut Altun, Dilnur Abdurehim, Rena Qaraxan, Selime A. Kamal, Subhinur Omerjan, Sureyya Ablimit Kashgary, Yultuz Teyipjan

Illustrator: Gülnaz Tursun

Photographer: Ablikim Emet

Cover and Page Designer: Abdulaziz Akhun

Publisher: Uyghur Academy

Web address: www.uyghuracademy.org

Printed by Teklimakan Uygur Publishing House

The First Edition

ISBN: 978-1-959397-21-2



Developed by Uyghur Academy Mother Language Committee

Istanbul 2024

قۇرتۇلۇش(*) يولىدا

مەمتىلى تەۋپىق (1901–1937)



قۇرتۇلۇش(**) يولىدا سۈدەك ئاقتى بىزنىڭ قانىمىز،
سەن ئۈچۈن ئەي يۇرتىمىز، بولسۇن پىدا بۇ جانىمىز.
قان كېچىپ ھەم جان بېرىپ، ئاخىر قۇتۇلدۇردۇق سېنى،
قۇتقۇزۇشقا قەلبىمىزدە بار ئىدى ئىمانىمىز.

يۇرتىمىز بىز يۈز-كۆزۈڭنى قان بىلەن پاكىزلىدۇق،
ئەمدى ھېچ كىرلەتمىگەيمىز، چۈنكى تۈرك ئەۋلادى بىز.
يارۇ ھەمدەم بولدى بىزنىڭ ھىممىتىمىز سەن ئۈچۈن،
دۇنيانى سورىغان ئىدى ھىممەت بىلەن ئەجدادىمىز.

ئاتىلارنىڭ جەڭلىرى ئۆچمەيدۇ تارىخ بېتىدىن،
نەسلى قالدى جەڭگىۋار، بىز ئۇنىڭ ئەۋلادى بىز.
چىقتى جان ھەم ئاقتى قان، بولدى ياۋدىن ئەل ئامان،
ياشىسۇن ھېچ ئۆلمىسۇن، گۈزەل ئىستىقبالىمىز.

ياشىسۇن، مىڭ ياشىسۇن، پارلىسۇن ئىستىقبالىمىز!

(*) بۇ شېئىرنىڭ 1- ۋە 3-كۇپلېتلىرى مىللىي مارش سۈپىتىدە ئوقۇلماقتا، پەرقلىق مەنبەلەردە پەرقلىق ۋارىيانتلىرى ئۇچرايدۇ.

(**) «قۇرتۇلۇش» ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «قۇتۇلۇش» دەپ قوللىنىلىدۇ.

مۇندەرىجە

قۇرتۇلۇش يولىدا 1
كىرىش سۆز 3

بىرىنچى بۆلەك: ۋەتەن سۆيگۈسى

1- دەرس: ۋەتەن – ئۇلۇغدۇر، مىللەت – مۇقەددەس 6
2- دەرس: دۇنيادا بىرلا خوتەن بار 10
3-دەرس: سىپلىم بوۋاي 14
4-دەرس: ئۇيغۇر تىلى بىلىملىرى: سۆز بىرىكمىسى 19

ئىككىنچى بۆلەك: گۈزەل تەبىئەت

5- دەرس: توغراق 25
6-دەرس: تەكلىماكان 30
7-دەرس: قاناس كۆلى 34
8- دەرس: ئۇيغۇر تىلى بىلىملىرى: جۈملە ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى 38

ئۈچىنچى بۆلەك: ئەقىل ۋە بىلىم

9-دەرس: ئۇيغۇرلار ئىشلەتكەن پىرزنقلار 42
10-دەرس: ئىبن سىنا 46
11- دەرس: تۇنجى قەلەم ھەققى 49
12 - دەرس: ئۇيغۇر تىلى بىلىملىرى: جۈملە بۆلەكلىرى ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى (1) 53

تۆتىنچى بۆلەك: پەن-تېخنىكا ۋە بىز

13- دەرس: ئۇچۇر ۋە ئالاقىنىڭ تەرەققىياتى 58
14-دەرس: ئۆسۈملۈك ئارقىلىق يانفوننى زەرەتلىگىلى بولامدۇ؟ 61
15-دەرس: سۇنئىي ئەقىل 64
16- دەرس: ئۇيغۇر تىلى بىلىملىرى: جۈملە بۆلەكلىرى ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى (2) 68

بەشىنچى بۆلەك: ئەجدادلار مىراسى

17- دەرس: چەۋگەن توپ ئويۇنى 73
18-دەرس: يىللارغا جاۋاب 77
19- دەرس: خوتەن قەغىزى 80
20- دەرس: ئۇيغۇر تىلى بىلىملىرى: جۈملە بۆلەكلىرى ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى (3) 82

ئالتىنچى بۆلەك: تارىخ ۋە بىز

21- دەرس: دولان راۋابى 87
22-دەرس: ۋەتەن ئۈچۈن جان بەرگەن قەھرىمان ئانا 91
23-دەرس: مەڭگۈتاش ئابىدىلىرى 95
24- دەرس: ئۇيغۇر تىلى بىلىملىرى: ئاددىي جۈملە ۋە قوشما جۈملە 98

يەتتىنچى بۆلەك: ئەخلاق ۋە پەزىلەت

25- دەرس: ئاتا مېھرى 103
26- دەرس: مېنى تۇغقان كۆڭىلسىزگە مۇبارەك بولسۇن! 109
27- دەرس: تۆت بۇرادەرنىڭ سۆھبىتى 113
28- دەرس: ئۇيغۇر تىلى بىلىملىرى: بايان جۈملە ۋە سوئال جۈملە 117

سەككىزىنچى بۆلەك: مىللىي كىملىك

29-دەرس: ئۇيغۇر خەتتاتلىقى 123
30-دەرس: ئانا تىلىم 129
31-دەرس:ئىلھام توختىنىڭ يەنە بىر يۈزى 132
32-دەرس: ئۇيغۇر تىلى بىلىملىرى: بۇيرۇق جۈملە ۋە ئۈندەش جۈملە 136
لۇغەت 140
مەنبەلەر 155

كىرىش سۆز

ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى ئانا تىل كومىتېتى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى دەرسلىكلىرى»—پەرزەنتلىرىمىزگە ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتىنى سىستېمىلىق ئۆگىتىش مەقسىتى بىلەن تەييارلانغان ماتېرىياللاردۇر.

دەرسلىكلەر — ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئېلىپبەسىدىن باشلاپ، تىل-ئەدەبىيات ساھەسى بويىچە تولۇق ئوتتۇرا سەۋىيەسىنى تۈگەتكۈچە بولغان ئاساسىي بىلىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ ئون ئىككى كىتاب ۋە يانداش ماتېرىياللاردىن تەركىب تاپىدۇ.

بۇ دەرسلىكلەرنى تۈزۈشتە، ۋەتەندە نەشر قىلىنغان تىل-ئەدەبىيات دەرسلىكلىرىدىكى تېكىستلەر ئاساس قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە باشقا تېكىستلەرمۇ سەپلەندى. دەرسلىكلەرگە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ھەربىر ئەزاسىنى مەنىۋى كۈچ ۋە ئاڭ-پىكىر جەھەتتىن بۇ جەمئىيەتكە باغلاپ تۇرىدىغان ئۇيغۇر مىللىي كىملىكى، جانلىق ۋە جانسىز نەرسىلەرنى تونۇش ۋە پىكىر قىلىش سىستېمىسى، ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان قەدرىيەتلىرى سىڭدۈرۈلۈشكە ئەھمىيەت بېرىلدى. مېتود جەھەتتىن زامانىۋى پېداگوگىكا ئىلمىنىڭ نۆۋەتتىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى نەزەرگە ئېلىندى. تىلىنىڭ ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ، سەۋىيەگە قارىتا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ماتېرىياللار مىللىي ۋە ئىلمىي قىلىپ تۈزۈلۈش بىلەن بىرگە قاراتمىلىققا ۋە خاسلىققا ئىگە قىلىندى. ئىملا جەھەتتىن مىرسۇلتان ئوسمان قاتارلىقلارنىڭ ئەمگىكى بىلەن 2009-يىلى روياپقا چىققان «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا لۇغىتى» ئاساس قىلىندى. گىرامماتىكىلىق ئاتالغۇلار ئارسلان ئابدۇللا تەھۇر قاتارلىقلار تۈزگەن ۋە 2010-يىلى نەشر قىلىنغان «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»غا ماسلاشتۇرۇلدى. باشقا ماتېرىياللاردىن ئەينەن ئېلىنغان، قىسقارتىپ ئېلىنغان ياكى ئۆزگەرتىپ ئېلىنغان تېكىستلەرنىڭ ئەسلىي مەنبەسى «مەنبەلەر» قىسمىدا كۆرسىتىلدى. مېھنەت قىلغانلارنىڭ ئىسمى ئۇنىۋانلار بويىچە، ئوخشاش ئۇنۋاندىكىلەرنىڭ ياكى ئۇنۋان يېزىلمىغان ئىسملارنىڭ تىزىمى بولسا ئۇيغۇر تىلى ئېلىپبەسىنىڭ رەت تەرتىپىگە ئاساسەن بېرىلدى.

قولىڭىزدىكى كىتاب — دەرسلىكنىڭ بەشىنچى كىتابى بولۇپ، پەرزەنتلىرىمىزنىڭ تىل ئىشلىتىش ۋە پىكىر قىلىش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرىدىغان تېكىستلەر ۋە كۆنۈكمىلەردىن تەركىب تاپىدۇ. شۇنىڭدەك گىرامماتىكا بىلىملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قارشى مەنىلىك سۆزلەر كارتىسى، مەنىداش سۆزلەر كارتىسى، ئاھاڭداش سۆزلەر كارتىسى، كۆپ مەنىلىك سۆزلەر كارتىسى ۋە ئىدىيوملار كارتىسى قاتارلىق ئويۇن كارتىلىرى، بۇ كىتاب بىلەن بىرلىكتە ئىشلىتىشكە ماس كېلىدۇ.

مەزكۇر كىتاب، ئىككى يىللىق ئەمگەكنىڭ مەھسۇلىدۇر. دەرسلىك تۈزۈش پىكرىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشىدىن باشلاپ، بېسىپ تارقىتىشقىچە بولغان پۈتۈن جەرياندا، ماددىي ياكى مەنىۋى جەھەتتىن قوللىغان، قىممەتلىك ۋاقتىنى ۋە زېھنىنى ئايرىپ، مېھنەت سەرپ قىلغان بارلىق پىدائىيلارغا سەممىي تەشەككۈر ئېيتىمىز.

كىتاب — دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پەرزەنتلىرىمىزدە ئورتاق بىر مىللىي كىملىك ئېڭىنىڭ يېتىلىشى، قوغدىلىشى ۋە داۋاملىششى ئۈچۈن پايدىلىق بولغۇسى، دەپ ئۈمىد قىلىمىز.

دوتسېنت دوكتور رائىلە ئابدۇۋاھىت كاشغەرىي
ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى ئانا تىل كومىتېتىغا ۋاكالىتەن
«ئانا تىل دەرسلىكلىرىنى تۈزۈش گۇرۇپپىسى»نىڭ مەسئۇلى

ۋەتەن سۆيگۈسى

بىرىنچى بۆلەك

دەرسكە تەييارلىق

- تۆۋەندىكى رەسىمنى كۆزىتىڭلار. نېمىلەرنى كۆردۈڭلار؟
- رەسىمدىكى تارىخىي-مەدەنىي يادىكارلىقلار ۋە داڭلىق مەھسۇلاتلارنىڭ، ۋەتىنىمىزنىڭ قايسى جايلىرىدا ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟



1- دەرس: ۋەتەن – ئۇلۇغدۇر، مىللەت – مۇقەددەس

مەمتىمىن ئوبۇلقاسىموۋ (ئالماسبەك)

(شېئىر)

ۋەتەن ئۇلۇغدۇر، مىللەت – مۇقەددەس،
ئاڭا سۆيگۈنىڭ ئىنتىھاسى يوق.
ئىككى چۈشەنچە تا ئەزەل يۈتمەس،
خۇددى ئالەمدەك ئىپتىداسى يوق.

ۋەتەن ئۇلۇغدۇر، مىللەت – مۇقەددەس،
بىرسى جان بولسا، بىرسىدۇر ۋىجدان.
ئۇلارسىز ھەرگىز گۈللەپ-كۆكەرمەس،
تەلەي تەختىگە چىقسىمۇ ئىنسان!

ۋەتەن ئۇلۇغدۇر، مىللەت – مۇقەددەس،
بىرسى ئاسماندۇر، بىرسىدۇر قۇياش.
روھى-روھىڭغا بولۇپ ھەمنەپەس،
جىسمى-جىسمىڭغا سەييارە-يولداش.

ۋەتەن ئۇلۇغدۇر، مىللەت – مۇقەددەس،
قەلبىڭ تەختىنىڭ ھۆكۈمران شاھى.
مېنىڭ دېمىسەڭ، سەن ئادەم ئەمەس،
ۋەتەنىنىڭ دەردى، مىللەتنىڭ ئاھى!

ۋەتەن ئۇلۇغدۇر، مىللەت – مۇقەددەس،
بىرسى ئەرشتۇر، بىرسىدۇر بايات.
ئەستىن چىقارساڭ ئۇنى بىر نەپەس،
بىلسەڭ سەن ئۆچۈن، ئۆچكىنى ھايات.

ۋەتەن ئۇلۇغدۇر، مىللەت – مۇقەددەس،
ئىلاھىي ئاندىن تاپمىش گۇۋاھكار.
سېنىڭ بىلەن مەن ئاڭا چىن پەيۋەست،
بىر زەررە خالاس، بىلسەڭ بۇرادەر.
ۋەتەن ئۇلۇغدۇر، مىللەت - مۇقەددەس!



كۆنۈكمە

1. شېئىرنى ئەستايىدىل، ئۇنلۇك ۋە ھېسسىياتلىق ئوقۇڭلار. كۆپلىت بويىچە تەھلىل قىلىڭلار ۋە تۈۋەندىكى جەدۋەلنى تولدۇرۇڭلار.

كۇپلېتلار	چۈشەنچەم	خۇلاسەم
1		
2		
3		
4		
5		
6		

2. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى لۇغەتتىن تېپىپ، «لۇغىتىم»گە يېزىڭلار.



مۇقەددەس، ئىنتىھا، ئەزەل

ئىپتىدا، ئەرش، بايات، ھەممەپەس

ھۆكۈمران، پەيۋەست، زەررە



3. تۆۋەندىكى سۆزلەرگە بىردىن جۈملە تۈزۈڭلار.

مۇقەددەس، ۋەتەن، ھەممەپەس، ھۆكۈمران، ئەستىن چىقار-

4. تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.

1) نېمە ئۈچۈن ۋەتەننى ئۇلۇغ، مىللەتنى مۇقەددەس دەيمىز؟

2) ھەرقايسى كۇپلېتلاردا ۋەتەن ۋە مىللەت نېمىلەرگە ئوخشىتىلغان؟

3) سىلەر ۋەتىنىمىزنى ۋە مىللىتىمىزنى نېمىگە ئوخشىتىسىلەر؟

4) شېئىرنى ئوقۇغاندىن كېيىن نېمىلەرنى ھېس قىلدىڭلار؟



ماقال-تەمسىل

ئۇزۇن تارىخىي جەرياندا ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ۋەقەلەر ۋە تەجرىبە-ساۋاقلارغا ئاساسەن خۇلاسىلەنگەن، بىزگە ئۆرنەك ياكى ئىبرەت بولىدىغان جۈملىلەر «ماقال-تەمسىل» دەپ ئاتىلىدۇ. ماقال-تەمسىللەر، چوڭقۇر مەنىلىك، قاپىيەلىك جۈملىلەر بولۇپ، ئىجاد قىلغۇچىسى خەلقتۇر.

5. تۆۋەندىكى ماقال-تەمسىللەرنى شېئىر بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەھلىل قىلىڭلار.

1) ۋەتىنىڭنىڭ بىر مىسقال تۇپىسى، بىر سەر ئالتۇنغا باراۋەر.

2) ۋەتەنگە كەلسە پالاكەت، ساڭا كېلەر ھالاكەت.

3) يۇرتنى سۆيگەن، ماكانسىز قالماس.

4) ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا، رەڭگى-رويۇڭ سامان بولماس.

تېما

بىر تېكستتە ئىپادىلەنگەن پىكىر، كۆز قاراش ياكى مەسىلە، شۇ تېكستنىڭ تېمىسى بولىدۇ. بىر تېكستنىڭ تېمىسىنى بىلىش ئۈچۈن «بۇ تېكست نېمە ھەققىدە يېزىلغان» دېگەن سوئالنى سورايمىز.

6. «ۋەتەن» تېمىلىق بىر شېئىر يېزىڭلار. ماۋزۇ قويۇشنى ئۇنتۇماڭلار. خەتلەرنىڭ چىرايلىق، ئىملاسىنىڭ توغرا بولۇشىغا ۋە تىنىش بەلگىلىرىنى جايىدا ئىشلىتىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىڭلار.



بىلىۋالاي

مەمتىمىن ئوبۇلقاسىموۋ (ئالماسبەك)

مەمتىمىن ئوبۇلقاسىموۋ (ئالماسبەك) 1943-يىلى چۆچەكتە تۇغۇلغان. 1962-يىلى سابىق سوۋېتلەر



ئىتتىپاقىنىڭ ئىشغالىيىتىدىكى قازاقىستانغا كۆچۈش ۋەقەسىدە شەمەي ۋىلايىتىنىڭ ئاركاد يېزىسىغا كېلىپ ئورۇنلاشقان. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان يىللىرىدا قازاقچە شېئىرلىرى نەشر قىلىنغان. ئالىي مەكتەپنى سابىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئىشغالىيىتىدىكى ئۆزبېكىستاندا، تاشكەنت دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاخبارات كەسپىدە ئوقۇغان. 1975-1983-يىللىرى ئۆزبېكىستاندىكى ئۇيغۇرچە رادىيونىڭ تەھرىر بۆلۈمىدە ئىشلىگەن. 1984-يىلى قازاقىستانغا قايتىپ، پېنسىيەگە چىققانغا قەدەر ئالمۇتادىكى «يېڭى هايات» گېزىتىنىڭ ئەدەبىيات بۆلۈمىدە كەسپىي يازغۇچى بولۇپ ئىشلىگەن.

«ۋەتىنىم» ناملىق تۇنجى شېئىرى 13-14 ياش ۋاقىتلىرىدا چۆچەكتە نەشر قىلىنغان. ئۇنىڭ ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ جەمئىي ئون ئالتە پارچە كىتابى نەشر قىلىنغان. بۇلار «كۆك بۆرىنىڭ كۆز يېشى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى، «ئالماس زەررىلەر» ئىسىملىك ماقال-تەمسىل توپلىمى، «ئاباي ئىجادىيىتى ھەققىدە» قاتارلىق ئىلمىي ئەسەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ كۆپلىگەن ئەسەرلىرىدە «ئالماسبەك» دېگەن تەخەللۇسنى ئىشلەتكەن، ئەمما «تارسۇس تاڭلىرى» ئىسىملىك كىتابىدا بولسا، «ئالماسبەك خاقانىي» دېگەن تەخەللۇسنى ئىشلەتكەن. يەنە بەزى كلاسسىك شېئىرلىرىدا «خۇمار» دېگەن تەخەللۇسنىمۇ قوللانغان.

2- دەرس: دۇنيادا بىرلا خوتەن بار

ئابدۇللا سۇلايمان

(چۈشەندۈرۈش ماقالىسى)

خوتەن دىيارى جەننەتتىن نەمۇنىدۇر، بۇ جاي جان بېغىشلىغۇچى جەننەتنىڭ ئۆزىدۇر. (نەۋائىي)

خوتەن شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئەڭ جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، قاراقۇرۇم تېغىنىڭ شىمالىغا، تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ. شەرقتە كورلىغا، غەربتە قەشقەر ۋىلايىتى، شىمالدا ئاقسۇ ۋىلايىتى ۋە تەكلىماكان بىلەن تۇتىشىدۇ. خوتەن ۋىلايىتىدە يەتتە ناھىيە، بىر شەھەر، سەكسەن ئالتە يېزا -بازار بار.

خوتەننىڭ تارىختىكى ئىسمى «ئۇدۇن»دۇر. تارىخىي خاتىرىلەردىكى رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغاندا، يىراق قەدىمكى دەۋردە خوتەندە دەريا، كۆللەر ناھايىتى كۆپ، سۇلۇق يەر كۆلىمى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، ئوت-چۆپ، دەل-دەرەخلەر بۈك-باراقسان، مۇھىتى ئىنتايىن گۈزەل جاي ئىكەن.

خوتەننىڭ ياڭقى ئىنتايىن داڭلىق. يەنە بۇ يەردىن چىقىدىغان خوتەن قاشتېشى، گىلەم، يىپەك ۋە ئەتلەس توقۇلمىلار دۇنياغا داڭلىق بولغاچقا، خوتەننىڭ «قاشتېشى دىيارى، شايى-ئەتلەس ماكانى، گىلەم يۇرتى» دېگەندەك ناملىرى بار. خوتەن ۋىلايىتىگە كۈن نۇرىنىڭ تىك چۈشۈش ۋاقتى ئۇزۇن بولغاچقا، گۈل ئۆستۈرۈشكە تولىمۇ ماس كېلىدۇ. شۇڭا بۇ يەردىكى خەلق «گۈلقەنت» ياساش ئادىتىنى يېتىلدۈرگەن. شۇڭا، خوتەننىڭ يەنە «گۈلقەنت ماكانى» دېگەن نامىمۇ بار. ئۇنىڭدىن باشقا خوتەن ئاشلىق، كېۋەز، قوغۇن-تاۋۇز، مېۋە-چېۋە ئۆستۈرۈشكە ئىنتايىن ماس كېلىدۇ. بولۇپمۇ ئۈژمە دەرەخلىرى ئارقىلىق پىلە قۇرتى (يىپەك قۇرتى) يېتىشتۈرۈش كەڭ كۆلەملەشكەن. بۇلاردىن ئالىي سۈپەتلىك يىپەكلەر ئىشلەپچىقىرىلىپ، شايى-ئەتلەسلەر توقۇلىدۇ.

خوتەن — ئۇيغۇر مىللىي تېبابىتىنىڭ ئەۋزەل ماكانى. گىرېتسىيەلىك پەيلاسوپ ئەپلاتون (مىلادىدىن بۇرۇن 427-347-يىللاردا ياشىغان) بىلەن زاماندىش بولغان غازىباي قاتارلىق ئاتاقلىق تېبابەت ئالىملىرىنىڭ دۇنياۋى شۆھرىتى، خوتەن ئۇيغۇر مىللىي تېبابىتىنىڭ ناھايىتى تەرەققىي قىلغانلىقىنىڭ نامايەندىسى. شۇنداقلا ھازىرغىچە ئاتا مىراس تېۋىپلارنىڭ ئۈزلۈكسىز شاگىرت تەربىيەلىشى بىلەن تېبابەت تېخنىكىلىرى تېخىمۇ ئېشىۋاتىدۇ. ئەجدادلار مىللىي تېبابەتتە ئىشلىتىلىدىغان ساپ شەربەتنى قايىنتىش ئۇچۇن، سوۋۇتۇش سىستېمىسى ئالاھىدە بولغان بىر خىل قازاننى كەشىپ قىلغان ۋە ئۇنى «ئەرق قازىنى» دەپ ئاتىغان. بۇ خىل قازاننى خوتەن رايونىدا ھېلىھەممۇ تاپقىلى بولىدۇ.



كۆنۈكمە

1. تېكستكە ئاساسەن تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.

1) خوتەن قەيەرگە جايلاشقان؟

2) خوتەننى نېمە ئۈچۈن «تىلسىم ماكان» دەيمىز؟

3) خوتەننىڭ قانداقناملىرى بار؟ نېمە ئۈچۈن شۇنداق ناملارغا ئېرىشكەن؟

4) ئۇيغۇر مىللىي تېبابىتى ھەققىدە نېمىلەرنى بىلىسىز؟

2. تۆۋەندىكى سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ مەنىسىنى لۇغەتتىن تېپىپ، «لۇغىتىم»گە يېزىڭلار ۋە جۈملە تۈزۈڭلار.



نەمۇنە، تىلسىم، گىرۋەك، شىددەتلىك

شاھىد، مابەينىدە، يۇغۇرۇل-، ئەۋزەل

كېسىپ ئېيت-، شۆھرەت، نامايەندە



3. تېكستنى ئوقۇپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۇيغۇر مىللىي تېبابىتى خوتەندە ئەڭ تەرەققىي قىلغان ۋە كۈلەملەشكەن. شۇنداقلا ئۇيغۇر مىللىي تېبابىتى بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزغا سىڭىپ كەتكەن. بۇنىڭغا ئائىت ماتېرىياللارنى توپلاڭلار ۋە سىنىپتا ئۆزئارا ئورتاقلىشىڭلار.

4. خوتەن — ياڭاقى، گىلىمى، شايى-ئەتلىسى بىلەن گۈلقەنتى ۋە گۈلقەنتى بىلەن داڭلىق. ۋەتىنىمىزنىڭ باشقا يەرلىرىمۇ ھەرخىل مەھسۇلاتلىرى بىلەن داڭلىق. ئۇنداقتا تۆۋەندىكى يەرلەر نېمىلىرى بىلەن داڭلىق، يېزىپ بېقىڭلار.

1) قەشقەر:

2) غۇلجا:

3) قۇمۇل:

4) ئاقسۇ:

5) كورلا:

6) ئاتۇش:



قېرىنداش تۈرك تىللىرى — ئۆزبېك تىلى

قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان، تۈركمەنىستان، ئەزەربەيجان، تۈركىيە قاتارلىق مۇستەقىل جۇمھۇرىيەتلەردە ۋە شەرقىي تۈركىستان، تاتارىستان، تۇۋا، داغىستان، خاكاسىيا قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلاردا ياشىغان تۈرك خەلقلىرىنىڭ تىلى خۇددى بىر ئانىنىڭ بالىلىرىغا ئوخشايدۇ. شۇڭا بۇ جايلاردىكى تۈرك خەلقلىرىنىڭ تىلىنى «قېرىنداش تۈرك تىللىرى» دەيمىز. بۇ تىللارنى يېقىنلىق دەرىجىسىگە قاراپ، گۇرۇپپىلارغا ئايرىغاندا ئۆزبېك تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلى بىر گۇرۇپپىغا كىرىدۇ. بىر گۇرۇپپىدىكى قېرىنداش تىللار بىر-بىرىگە ناھايىتى يېقىن بولغاچقا، ئۆزئارا چۈشىنىش ئاسان بولىدۇ.

بىر ئۇيغۇر بىلەن بىر ئۆزبېك ئۆزىنىڭ تىلىدا سۆزلىسە، ھەر ئىككىسى بىر-بىرىنىڭ گەپلىرىنى چۈشىنىدۇ. مەسىلەن:

مېن ئانە تىلىمنى ياخشى كورەمەن. (ئۆزبېكچە ئېيتىلغان جۈملە)

مەن ئانا تىلىمنى ياخشى كۆرىمەن. (ئۇيغۇرچە ئېيتىلغان جۈملە)

ئۆزبېك تىلى ئۈچۈن لاتىن يېزىقى ۋە سلاۋيان يېزىقى ئىشلىتىلمەكتە. يېقىن كەلگۈسىدە پەقەتلا لاتىن يېزىقى ئىشلىتىلىشى مۇمكىن.




بىلىۋالاي

غازبااي

غازبااي — بۈنىڭدىن تەخمىنەن 2000 يىل بۇرۇن ئۆتكەن ئاتاقلىق ئۇيغۇر تېبابەت ئالىمى، شۇنداقلا دۇنيا مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىسى ھەققىدە چەت ئەل مەنبەلىرىدە خاتىرىلەر ساقلانغان ئەڭ بۇرۇنقى خوتەن مىللىي تېبابەتچىلىكىنىڭ بىرگە مەلۇم بولغان پېشۋاسى. ئۇنىڭ «غازبايىنىڭ ئوت-چۆپ دورىلار قامۇسى» ناملىق ئەڭ بۇرۇنقى تىببىي كىلاسسىك دەستۇرى مىللىي تېبابەتچىلىكنىڭ، جۈملىدىن خوتەن مىللىي تېبابەتچىلىكنىڭ ئەڭ دەسلەپكى خەلقئارالىق شۆھرىتىنى نامايان قىلىشتا مۇھىم رول ئوينىغان.

مىلادى 1200-يىللىرى ھىندىستاندا نەشر قىلىنغان «ھەدىقەتۇل ئەقالىم» (ھەر قايسى ئەللەر تەزكىرىسى) دېگەن قامۇس خاراكتېرلىك ئەسەردە مۇنداق مەزمۇندىكى مۇھىم مەنبەلەر قەيت قىلىنغان: تارىم ياپىلىقىدىكى غازبااي قەدىمكى خوتەن رايونى دائىرىسىدىكى نۇرغۇن دورىلارنى يەكۈنلەپ، 312 ماددىلىق دورا قامۇسى يازغان. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان گىرېتسىيەلىك ئالىم ئەپلاتون ئۆز شاگىرتلىرىنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئەۋەتكەن. ئۇلار مىڭ بىر مۇشەققەتتە ئالتە ئاي تاغ-دەريالارنى كېزىپ، غازبايىنى تاپقان.



غازباينىڭ يۇرتىدا ھەر خىل مېۋە-چېۋىلەرنىڭ ئىنتايىن مولluقىنى؛ بىنەپشە، بەديان، سانا، يۇمغاقسۈت، ئوغرىتىكەن، ئاق لەيلى، لالە ئوت، ئاچچىق تاۋۇز ... قاتارلىق نەچچە مىڭ خىل ئوت-چۆپ دورىلارنىڭ تارىم ۋادىسىنىڭ ھەممىلا يېرىنى قاپلىغانلىقىنى كۆرگەن. ئەپلاتۇننىڭ شاگىرتلىرى غازباينىڭ 312 ماددىلىق دورىلار كىتابىنى كۆرۈپ، ئاپىرىن ئوقۇغان؛ ھەممىدە غازبايغا ئەپلاتۇننىڭ ھەر خىل ئىلىملەرنى تەھسىل قىلىدىغان ئالىم ئىكەنلىكىنى، ئەگەر ئەپلاتۇن بۇ ئەسەرنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالىسا، ئۆزىنى ناھايىتى بەختلىك ھېسابلايدىغانلىقىنى ئېيتىشقان.

بۇ يېتۈك قامۇس ھەققىدىكى بايانلار زامانىمىزغا يېتىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەپسۇسكى، بۇ قامۇسنىڭ نەق ئۆزى ۋە ياكى قىسمەن پارچىلىرى ھېلىھەم تېپىلغىنى يوق. غازباينىڭ بۇ قامۇسى ئۆز دىيارىمىزنىڭ قۇمغا كۆمۈلگەن خارابىلىكلىرىدىن ۋە ياكى خەلق ئارىسىدىن تېپىلىپ قېلىشى مۇمكىن. ئەگەر ئاشۇنداق مۆجىزە ھەقىقەتەن يۈز بېرىدىغان بولسا، غازباينىڭ ھايات تارىخىنى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ نەزەرىيە جەھەتتىن سىستېمىلىشىشىغا قوشقان ئاجايىپ تۆھپىلىرىنى ھەقىقىي مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئارزۇيىمىز ئەمەلگە ئاشىدۇ.

3-دەرس: سېلىم بوۋاي

ئارسلان تالىپ

(بايان ماقالىسى)

قاراماي نېفىتلىكى 1955-يىلى قېزىلىشقا باشلىغان نېفىتلىك ئىدى. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى بۇ جاي چېگرىسىز تېغى باغرىدىكى پايانسىز جاڭگال ئىدى. يازدا تونۇردەك قىزىپ كېتىدىغان، قىشتا زىمىستان سوغۇق ھۆكۈم سۈرىدىغان، ئەتىيازدا ۋەھىملىك بوران بېسىقمايدىغان بۇ جاڭگالدا يۇلغۇن، سۆكسۆك، توغىراقلار چىرمىشىپ ئۆسۈپ كېتەتتى. توپ-توپى بىلەن ئۆتلاپ يۈرىدىغان جەرەنلەر، ياۋا توشقانلار، بىر خىلدا كۆشۈلداپ ئۆملەپ كېتىۋاتقان يىلانلار، كەسلەنچۈكلەر، كېچىلىرى كۆزلىرىدىن ئوت چاقنىتىپ ھۇۋلايدىغان بۆرىلەر بۇ جاينىڭ خوجايىنلىرى ئىدى. يەنە بىر خوجايىنى بولسا، بۇ يۇرتنىڭ ئىگىلىرىدىن بىرسى بولغان سېلىم بوۋاي ئىدى.



(سېلىم بوۋاينىڭ ھەيكىلى)

سېلىم بوۋاي مانا مۇشۇ سۈرلۈك جاڭگالنىڭ جاپاسىغا پىسەنت قىلماي ئات، ئېشەك ۋە تايغانلارنى ھەمراھ قىلىپ، گەمە ئۆيدە ئۆزى يالغۇز قىرىق يىل ياشىغان.

سېلىم بوۋاي ئەسلى ئاتۇشنىڭ ئۈستۈن ئاتۇش يېزىسىدا شامچى ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بولۇپ، يىگىتلىك يېشىغا يەتكىچە يۇرتىدا ياشىغان ھەم تۈرلۈك ھۈنەرلەرنى ئۆگەنگەن. كېيىنچە ئىلىغا چىقىپ كەتكەن. بىرنەچچە يىل ئىلىدا ياشاپ، شىخۇنىڭ قاراسۇ دېگەن يېزىسىدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان. ئۇ قاراسۇدىكى كىشىلەردىن چېگرىسىز تېغى باغرىدا مايبۇلاق بارلىقىنى، ئۇ يەردىن يەر يېغى تىنىمسىز ئېقىپ چىقىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان. شامچى ئائىلىسىدە چوڭ بولغان، يەر يېغىغا ئالاھىدە مېھرى بار، يەر يېغىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدىغان سېلىم بىر كۈنى ئۆيدىكىلەر بىلەن خوشلىشىپ، ئېتىغا مىنىپ، ئۈچ كۈن يول يۈرۈپ، مايبۇلاققا يېتىپ كەلگەن. ئۇ بىپايان چۆلنىڭ قوينىدا بۇلدۇق-بۇلدۇق قىلىپ ئۆرلەپ تۇرغان مايبۇلاقنى كۆرۈپ سۆيۈنۈپ كەتكەن.

ئۇ ئالدى بىلەن يەرنى كولاپ، ئۆزىگە گەمە ئۆي ياسىغان؛ ئاندىن مايبۇلاقنى قاتلامۇ-قاتلام ئېقىتىش

ئۇسۇلى بىلەن مايدىكى سۇ تەركىبىنى ئايرىيدىغان چوڭ-كىچىك كۆلچەكلەرنى ياسىغان؛ تىرىكچىلىك ئۈچۈن قاپقان قۇرۇپ جەرەن، توشقانلارنى ئوۋلاپ ئوزۇق قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تۆت ئەتراپى كۆز يەتكۈسىز بۇ چۆل-باياۋانغا ماكانلىشىپ، بىپايان چۆلنىڭ كىشىگە ئەنسىزلىك سالىدىغان قاراڭغۇ كېچىسىدە تۇنجى چىراغ نۇرىنى ياندۇرغان.

سېلىم ۋە ئايالى بۇ يېڭى ماكانغا جايلىشىۋالغاندىن كېيىن، ئۆزى چەككىلىگەن مايلارنى تۇلۇم ۋە قاپاقلارغا قاچىلاپ، ئات، ئېشەك ۋە تارانچى ھارۋىلىرىدا شەخۇغا ئاپىرىپ سېتىپ، تىرىكچىلىك قىلغان. ئۇ مايبۇلاق بىلەن شەخۇ ئارىلىقىدا نەچچە يۈز قېتىم قاتناپ، كىشىلەرنىڭ يېقىلغۇغا بولغان ئېھتىياجىنى قامدىغان. ئايالى ئايقىز ۋاپات بولغاندىن كېيىن، سېلىمنىڭ بۇ چۆلدىكى مايبۇلاقتا بولغان مېھرى كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمىگۈدەك دەرىجىدە چوڭقۇرلىشىپ كەتكەن. سېلىم بوۋاي بۇ جاڭگالدا ياشاش، توختىماي سەپەر قىلىش جەريانىدا، بۇ يەرنىڭ ئىسسىق-سوغۇقلىرىنىڭ تەمىنى تېتىپ، پىشىپ كەتكەن.

سېلىم بوۋاي بۇ باياۋاندا قىرىق يىل تەنھا ياشاش ۋە تەنھا سەپەر قىلىش جەريانىدا ئۆز كەچمىشلىرىنى مىسرالارغا تىزىپ، دۇتارىنى سازلاپ، ناخشا قىلىپ ئوقۇغان. يالغۇزلۇقنى، زېرىكىشنى قوشاق توقۇش، ناخشا ئوقۇش ۋە ساز چېلىش ئارقىلىق يەڭگەن.

دۇتارىمنى ساز ئېتىپ،
باياۋاننى كېزىمەن.
مايبۇلاقنى يىراقتىن،
پۇرىقىدىن سېزىمەن.

نەلىك سەن دېگەنلەرگە،
قارامايلىق دەپ كەتتىم.
ئېشەكلىك نەچچە كۈن مېڭىپ،
شەخۇغا ئاران يەتتىم.

قۇشلار بولدى مۇڭدىشىم،
ئېشىكىم ھەم قولدىشىم.
بۇ چۆلدە مەن نەقىلاي،
بولمىسا بىر يولدىشىم.

شەخۇنىڭ بازارىدا،
ساتتىم بىر قاپاق ماينى.
خۇدايىم بېرەر بىر كۈنى،
باي مېنگەن تولۇن تاينى.

جەرەن تۇتۇپ يېدىم مەن،
كېيىك تۇتۇپ يېدىم مەن.
تېرىسىنى ئۇچامغا،
ئېگىن ئېتىپ كىيدىم مەن.

ماكانىمدۇر مايبۇلاق،
جەرەنبۇلاق، ئايبۇلاق...
تۆھمەت، ئالۋان-ياساقتىن،
باغرى سۇتتەك ساق بولاق.

1951- يىلدىن باشلاپ، سېلىم بوۋاي بۇ چۆلدە ئالا كالتەكلىرىنى كۆتۈرۈۋالغان نېفىت چارلىغۇچىلارنى ئۇچرىتىدىغان بولۇپ قالىدۇ. 1955-يىلى ئەتىيازدا قۇدۇق قېزىش ئەترىتى بۇ يەرلەرگە كېلىدۇ. «1-نومۇرلۇق قۇدۇق» دەپ ئاتالغان بۇ قۇدۇقنىڭ قېزىلىشى ئىشچىلارنىڭ تاقەتسىزلىكى، جاڭگالنىڭ ھاۋاسىغا چىدىماسلىقى سەۋەبىدىن بەكمۇ تەسكە توختايدۇ.

ئۇلار يېشى يەتمىشلەردىن ھالقىغان بۇ بوۋاينىڭ تارانچى ھارۋىسى ئۈستىگە قويۇلغان تۆمۈر باكقا ماي قويۇشتىكى چەبدەسلىكى؛ ئۆينىڭ يان تەرپىگە ياسالغان دار ئاستىدا جەدە ئېتىنى باغلاپ قويۇپ تاقلاشلىرى؛ تونۇرغا بىر ئەپلەك نان يېقىشلىرى؛ جەرەن، كىيىك، ئۆچكە تېرىلىرىنى ئەيلەپ جۇۋا، قۇلاقچا تىكىشلىرىنى كۆرۈپ، «بۇ بوۋايدا 72 خىل ھۈنەر بارمۇ نېمە؟» دېيىشىدۇ.

1- نومۇرلۇق قۇدۇقتىن ماي چىققاندىن كېيىن، ئىشچىلار 2- نومۇرلۇق قۇدۇقنى قېزىشقا باشلايدۇ. سېلىم بوۋاي «بۇ يەردە ماي يوق، ئاۋارە بولۇپ قازماڭلار» دەيدۇ. ئاغزى ئىتتىكرەك بىر يىگىت:

— بۇ يەردە ماي بار-يوقلۇقىنى سىز قانداق بىلىسىز، سىز يا گېئولوگ-ئىنژېنېر بولمىسىڭىز؟ — دەيدۇ. سېلىم بوۋاي ئىككىلەنمەستىن:

— مەن دەك قىرىق يىل ماي ھىدلاپ يۈرگەن ئادەم ماي پۇرىقىنى سەزمەي قالامدىكەنمەن؟ - دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئىشچىلار كۈلۈشىدۇ، رەنجىگەن سېلىم بوۋاي گەمە ئۆيىگە قاراپ يۈرۈپ كېتىدۇ.

ئەتىسى سېلىم بوۋاينىڭ 2-نۇمۇرلۇق قۇدۇقنى كۆزىتىۋاتقان كۆزلىرى بىر نۇقتىدا توختاپ قالىدۇ. تېخى ئاخشاملا چىراغلىرى يورۇپ تۇرغان ئىدى، ھازىر بولسا چىراغ كۆرۈنمەيتتى.

— بۇ نېمە ئىش ئەمدى؟ - سېلىم بوۋاي كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قايتا قارايدۇ. راستتىنلا مۇز مۇنار، ئۇنىڭ ئەتراپىدا چېپىشىپ يۈرگەن كىشىلەر خۇددى چۈمۈلىدەك ...

«سۇ چىقىپ كېتىپتۇ- دە، كاساپەت، قازماڭلار دېسەم ئۇنىمىدى، مانا ئەمدى ماي چىقىرىمەن دەپ، سۇ چىقىرىپ قويۇپتۇ» دەپ ئويلايدۇ سېلىم بوۋاي.

قۇدۇقتىن راستتىنلا سۇ چىقىپ كەتكەن ئىدى. ئازراق گاز ئارىلاشقان سۇ تۈپتۈز ئېتىلىپ چىققىنچە فونتان ھاسىل قىلىپ، قاتتىق سوغۇقتا ناھايىتى تېزلا ھەيۋەتلىك مۇز مۇنارىغا ئايلانغان ئىدى. مۇز مۇنارى بارغانسېرى قېلىنلىشىپ كېتىۋاتاتتى. سۇنى ئېتىش ئۈچۈن قاپقان بېكىتىش كېرەك بولۇپ، بۇنى ئادەم كۈچى بىلەن بېكىتمەي بولمايتتى. بارلىق ئىشچىلار جىددىيلەشكەندى. كىيملىرى تاراڭشىپ مۇز چاپان، مۇز ئىشتان كىيىۋالغاندەك بولۇپ قالغان ئىشچىلار سۇ بىلەن ئېلىشماقتا ئىدى. ئۇلار سېلىم بوۋاينىڭ ياردىمىدە بۇ مەسىلىنىمۇ ھەل قىلىدۇ. كېيىنكى ۋاقىتلاردا قۇدۇق ئېچىشتىن بۇرۇن سېلىم بوۋايدىن مەسلىھەت سورايدىغان بولىدۇ.

سېلىم بوۋاينىڭ تېۋىپلىقىنىمۇ خەۋىرى بولۇپ، ئۆز كېسىلىنى ئۆزى داۋالىغان. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ ئۆمرى جاپادا ئۆتكەن بولسىمۇ، 70 ياشتىن ئاشقاندا ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ مايبۇلاق (قاراماي)تىكى ھاياتى 1911-يىلدىن 1957-يىلغىچە داۋاملاشقان بولۇپ، ئۇ بۇ ئۇزاق جەرياندا ماي بۇلاق ئەتراپىنى كېزىپ ئۇرغۇنلىغان ماي بۇلاقلارنى بايقىغان تۇنجى ئەگلىك ياراتقۇچى.

قاراماي خەلقى بۇ سۆيۈملۈك، قەيسەر، چېچەن بوۋاينى ئەسلىشىپ، ئۇنى «قاراماي شەھرىنىڭ تۇنجى پۇقراسى» دەپ تەرىپلەشكەن. «مايبۇلاق»نىڭ بېشىغا بولسا، ئۇنىڭ ھەيكىلىنى ئورناتقۇزغان.



كۆنۈكمە

1. تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.

1) سېلىم بوۋاي قاراماينىڭ قانداق كەلگەن؟

2) ئىشچىلار قاچان نېفىت چىقىرىشقا باشلىغان؟

3) سېلىم بوۋاي نېمە ئۈچۈن چۆل-باياۋاندا قىرىق يىل ياشايدۇ؟ نېمىشقا «قاراماينىڭ تۇنجى پۇقراسى» دەپ ھەيكىلى ئورنىتىلىدۇ؟

4) شەرقىي تۈركىستانغا كىملەرنىڭ ھەيكىلىنى ئورناتقۇڭىز بار؟ نېمە ئۈچۈن؟

2. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ لۇغەتتىكى مەنىسىنى، «لۇغىتىم»گە يېزىڭلار.



رىقابەت، ۋەھىمە، سۈرلۈك

تىرىكچىلىك، ئېرەن قىلا-، چەبدەس، خالىس

كىلىمات، پېژغىرىم، تۆھمەت



3. تۆۋەندىكى ئىدىيوملارنىڭ مەنىسىنى يېزىپ، ھەر بىرىگە بىردىن جۈملە تۈزۈڭلار.

ئىسسىق سوغۇقنىڭ تەمىنى تېتىماق:

ئاغزى قۇلىقىغا يەتمەك:

تاقىتى تاق بولماق:


ئاغزى ئىتتىك:

كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قالماق:



4. سېلىم بوۋاي ناخشا قىلىپ ئېيتقان شېئىرنى تەھلىل قىلىڭلار. شېئىردا قانداق ئىدىيەۋى ھېسسىيات ئىپادىلەنگەنلىكىنى ئايرىم-ئايرىم سۆزلەپ بېرىڭلار.

5. تۆۋەندىكى خەرىتىدىن ۋەتىنىمىزدىكى ئويمانلىقلارنى تېپىڭلار ۋە بۇ تېكىستتە تىلغا ئېلىنغان يەرنىڭ قايسى ئويمانلىقتا جايلاشقانلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.



4-دەرس: ئۇيغۇر تىلى بىلىملىرى: سۆز بىرىكمىسى

سۆزلەرنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولىدىغان، بىر ئىش-ھەرىكەتنى ياكى ئوي-پىكىرنى تولۇق ئىپادىلىمەيدىغان گىراماتىكىلىق بىرلىك، «سۆز بىرىكمىسى» دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

ئايال دوختۇر، ئۈچ ئادەم، گۈزەل تەبىئەت ...

چىرايلىق يازماق، شۇ يەر، سىم-سىم يامغۇر ...

ھېلى كەلگەن، ئۆيدىن كەلمەك، تۇمان قاپلىماق ...

تۇرار جاي، يازغان خەت، كۆچۈرۈپ يېزىش ...

ئوقۇغىلى بارماق، چاي ئىچمەك، پاكار ۋە ئورۇق ...

ئالىقانچىلىك يەر، ۋەتەن ئۈچۈن، سىزنى دەپ ...

ئىككى قېتىم، بەش كىلو، بىر قاتار ...



مەشىق باغچىسى

1. تۆۋەندىكى ئۇچۇرلارنى ئوقۇڭلار.

ۋەتىنىمىزدىكى تارىخىي ئورۇنلار: كۇچا، قەشقەر، خوتەن، قۇمۇل، ئاتۇش، كورلا، تۇرپان، چاقىلىق، غۇلجا، ئالتاي، قاراماي ...

داڭلىق مەھسۇلاتلار: ئانار، ئۈزۈم، ئۆرۈك، ياڭاق، نەشپۈت، قوغۇن، چىلان، ئالما، ئەنجۈر ... نېفىت، ئالتۇن، ئۇران، ئەتلەس، قاشتېشى ...

قەدىمىي يادىكارلىقلار: يارغۇل، ھېيتگاھ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ مەقبەرىسى، مەھمۇد كاشغەرىي مەقبەرىسى، ئامانىسا خېنىم مەقبەرىسى، كارىز، ئىدىقۇت، بېزەكلىك، قىزىل مىڭئۆي ...

2. يۇقىرىدا بېرىلگەن ئۇچۇرلاردىن قايسىلىرى تۆۋەندىكى رەسىمدە بار؟ ئېيتىپ بېرىڭلار.



يۇقىرىدىكى خەرىتىدە بېرىلگەن شەھەرلەر ۋە ناھىيەلەر بىلەن نومۇر قويۇلغان رەسىملەرنى تۇتاشتۇرۇڭلار. رەسىمدىكى تارىخىي-مەدەنىي يادىكارلىقلار ۋە داڭلىق مەھسۇلاتلار ۋەتىنىمىزنىڭ قايسى جايلىرىغا تەۋە؟

نومۇر قويۇلغان رەسىملەرنىڭ ئىزاھاتى:

(1) ئالما
(2) ئەنجۈر
(3) ھېيتگاھ
(4) يۈسۈپ خاس ھاجىپ مەقبەرىسى
(5) ئانار
(6) مەھمۇد كاشغەرىي مەقبەرىسى
(7) ئامانىسساخاننىڭ مەقبەرىسى
(8) ئەتلەس
(9) ياڭاق
(10) قىزىل مىڭئۆي

(11) مىرەندىكى بۇددا مۇنارى
(12) چوڭ چىلان
(13) نەشپۈت
(14) ئۈزۈم
(15) يارغۇل قەدىمكى شەھىرى
(16) كارىز
(17) بېزەكلىك مىڭئۆي
(18) قوغۇن
(19) چوڭ بازار سودا مەركىزى

4. تۆۋەندە بېرىلگەن سۆزلەردىن مۇۋاپىقلىرىنى تاللاپ، بوش ئورۇنلارنى تولدۇرۇڭلار.

ئېگىز	جىمجىت	ئىللىق	رەڭگارەڭ	زۇمرەتتەك	مەيىن

______ باھار كۈنلىرى ______ تېرەكلەر ______كۆل سۇلىرى

______ قىش كېچىسى ______ تاغ شاملى ______ بوياقلار

5. تۆۋەندە بېرىلگەن ھەر بىر گۇرۇپپىدىكى سۆز ياكى ئىبارىنى، مەنىسىگە ئاساسەن، بالدۇر كېيىنلىك تەرتىپى بويىچە تىزىپ چىقىڭلار.

1) چۈش كېچە سەھەر ئاختشام چۈشتىن كېيىن

2) نورۇز يېڭى يىل شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيەت بايرىمى

3) ئورەك كولاش سۇ قۇيۇش كۆچەت قويۇش توپا يۆلەش

4) بىخ چىقىرىش مېۋە پىشىش چېچەكلەش يوپۇرماقلار تۆكۈلۈش غورا بولۇش

4. تېپىشماقلارنى تېپىڭلار.

1) قىشتا سۇدەك ئاتالماس،
سۇغا سالساڭ لەيلەيدۇ،
لېكىن يازدا ياشىيالماس.

2) مەن كېلمەن دەپ تۈۋلايدۇ،
بوغۇم-بوغۇم قۇيرۇقى،
نەچچە يەردە ئۇلىقى.
كېچە -كۈندۈز، قىش ۋە ياز،
ماڭىدۇ ئۇ بەكمۇ ساز.



5. «ئۇر توقماق» ناملىق ئاۋازلىق چۆچەكنى ھەممەيلەن بىرلىكتە ئاڭلاپ چىققاندىن كېيىن، قىسقىچە بايان قىلىپ بېرىڭلار.

باياﻥ ماقالىسى

مەلۇم ۋەقە، ھادىسە، كىشى ياكى نەرسە توغرىسىدا ئۇچۇر بېرىلگەن ماقالىلەر «باياﻥ ماقالىسى» دەپ ئاتىلىدۇ.

6. «ۋەتىنىمگە بارغاندا» دېگەن تېمىدا بىر باياﻥ ماقالىسى يېزىڭلار. ماقالىنى باشلاشتىن بۇرۇن، تۆۋەندىكى ئۇچۇرلارنى تولدۇرۇڭلار.

ماۋزۇ:

يازغۇچى:

باياﻥ قىلىماقچى بولغان يەر:

ۋاقىت:



7. تۆۋەندىكى چۆچەكنى ئوقۇپ، تەسىراتىڭلارنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

قىلىچ باتۇر

بۇرۇن بىر كەمبەغەل ئوتۇنچى ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ بىرلا ئوغلى بار ئىكەن. ئايالى خېلى بۇرۇنلا ئۆلۈپ كەتكەچكە، ئۇ ئانىسىدىن كىچىك قالغان ئوغلىغا ھەم ئاتا، ھەم ئانا ئىكەن. بالا ئون سەككىز ياشلارغا كىرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئوتۇنچى ماغدۇرىدىن كېتىپ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئوغلىنى يېنىغا چاقىرىپ:

ــ بالام، يوقسۇزچىلىق دەستىدىن سېنى يا ئوقۇتالمىدىم، يا بىرەر ھۈنەرگە بېرەلمىدىم. ساڭا مىراس قىلىپ قالدۇرغۇدەك نەرسەممۇ يوق. شۇڭا، مەندىن كېيىن قالساڭ، كۈنۈڭنى قانداق ئالارسەن دەپ ئەنسىرەۋاتىمەن. كونىلاردا «يۇرت باقساڭ ئۆسەرسەن، باقمىساڭ ئۆچەرسەن» دېگەن ماقال بار. قانداقلا بولمىسۇن، يۇرتۇڭدىن ئايرىلما، ئۇنىڭ بىر چىمدىم توپىسىنىمۇ تۇتىيا بىل، ــ دەپتۇ ــ دە، كۆز يۇمۇپتۇ. بالا يىغلاپتۇ، قاقشاپتۇ، قولۇم-قوشنىلارنىڭ ياردىمى بىلەن دادىسىنى يەرلىككە قويۇپتۇ.

بىر يىلى بۇ ئەلگە ياۋ باستۇرۇپ كەپتۇ. پادىشاھ بىغەمدا ۋاپات بولۇپ، لەشكەرلىرى تىرىپىرەن بولۇپ كېتىپتۇ. خەلق مال-مۈلكىدىن، يەر-زېمىنىدىن ئايرىلىپ، ياقا يۇرتلاردا سەرساﻥ بوپتۇ. بۇنى كۆرگەن بالىنىڭ يۈرىكى ئېچىشىپ، باغرى كاۋاپ بوپتۇ. ئۇ ئانا يۇرتىنى قوغدىماقچى بوپتۇ ـ يۇ، بۇنىڭغا قۇربى يەتمەپتۇ.

بىر كۈنى چۈشىدە ئاپئاق ساقاللىق بىر بوۋاي ئۇنىڭغا مۇنداق دەپتۇ: «ئوغلۇم، يىلاﻥ ئۇچرىسا، قامچا ئالغىن، دۈشمەن ئۇچرىسا، قىلىچ ئالغىن». ئۇ بوۋاينىڭ ئېيتقىنىنى بويىچە قىلىچ ئىزدەپتۇ ـ يۇ، تاپالماپتۇ.

شۇ كۈنلەردە دادىسى ئېيتىپ بەرگەن مۇنداق بىر ھېكايە ئېسىگە كەپتۇ: «يۇرتىمىزدىكى تاغنىڭ چوققىسىدا بىر باغ بار. ئۇ يەرگە ئىنس-جىنمۇ چىقالمايدۇ. تاغنىڭ يېنىدا كۆمۈش يىلاندەك تولغىنىپ ئاقىدىغان بىر دەريا بار. بۇرۇن بىر پادىشاھ غەربكە يۈرۈش قىلىپ كېتىۋېتىپ، شۇ دەريادا ئېتىنى سۇغارغاندا، بۇ زېمىننىڭ كۆركەم، باي، خەلقىنىڭ ئىشچان، خۇشخۇي ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ خاسىيەتلىك قىلىچىنى ئاشۇ غاردىكى ئالتۇن قوزۇققا ئېسىپ قويىغانىكەن. قىلىچنىڭ يېنىدا بىر ئالتۇن يۈگەنمۇ ئېسىقلىق ئىمىش. ئەگەر بۇ يۇرت بىرەر بالا-قازاغا دۇچار بولسا، جاپا-مۇشەققەتتىن قورقمايدىغان بىرەر باتۇر غارغا كىرىپ، ئالتۇن يۈگەننى سىلكىسە، بىر تۇلپار ھازىر بولارمىش. شۇ خاسىيەتلىك قىلىچقا ئېرىشسە، ئەلنى ياۋدىن خالىس قىلارمىش.



يىگىتنىڭ كۆڭلى بىردىنلا يورۇپ كېتىپتۇ-دە، تاغقا يول ئاپتۇ. چوققىلىرى كۆككە بويى تارتقان تاغ يىگىتكە يول بەرمەپتۇ. يىگىت دەل-دەرەخلەرگە ئارغامچا ئېتىپ يۈرۈپ، تاغقا يامىشىپتۇ، لېكىن ئۈچ كېچە-كۈندۈز تىرمىشىپمۇ دېگەن يېرىگە چىقالماپتۇ. ئۇ تاغنىڭ قاق بېلىدىن ئېشىپ، ئادەم ئايىغى باسمىغان بىر تاغ يولىنى كۆرۈپتۇ-دە، ئەمدىلا شۇ يولغا چۈشۈپ ماڭاي دېيىشىگە، يوغان بىر يىلان ۋىشىلداپ، يىگىتنىڭ ئالدىنى توسۇۋاپتۇ ۋە ھەيۋە قىپتۇ. يىگىت يوغان بىر تاشنى يىلانغا ئاتقانىكەن، كاللىسى مىجىلىپ ئۆلۈپتۇ. يىگىت بىر كۈن يول مېڭىپ، ئازراق دەم ئاپتۇ؛ ئاندىن يەنە بىر چوققىغا يامىشىپ چىقىپتۇ. يولۋاس، قاپلان، ئېيىقلار خىرس قىلغان بولسىمۇ، يىگىت ئېلىشىپ ئۆلارنى يەر چىشلىتىپتۇ. يەتتىنچى كۈنى ئۇ ھېلىقى غارغا يېتىپ كەپتۇ. قارىسا، ئالتۇن قوزۇقتا بىر قىلىچ ۋە بىر يۈگەن ئېسىقلىق تۇرغۇدەك.

يىگىت قىلىچنى بېلىگە ئېسىپتۇ؛ ئاندىن يۈگەننى سىلكىگەنىكەن، ئالدىدا بىر ئاق تۇلپار پەيدا بوپتۇ. يىگىت ئاتقا مىنىپ، «چۇھ» دېگەنىكەن، ھەش-پەش دېگۈچە تاغدىن چۈشۈپ بوپتۇ. ئۇ ئۆزىگە ئوخشاش ئەل سۆيەر يىگىتلەرنى توپلاپ، ياۋغا ھۇجۇم قىپتۇ. خاسىيەتلىك قىلىچنىڭ كارامىتى بىلەن، ياۋنىڭ لەشكەرلىرىنى يېڭىپتۇ. خەلق يىگىتنى پادىشاھلىققا تەيىنلىگەن بولسىمۇ، ئۇ ئۇنىماپتۇ. ئاخىرى ئۇلار بىر ئادىل كىشىنى پادىشاھ قىلىپ سايلاپتۇ. شۇنىڭدىن بېرى، بۇ يۇرت تېخىمۇ روناق تېپىپتۇ. «قىلىچ باتۇر» دېگەن چۆچەك شۇنداق قىلىپ ئېغىزدىن- ئېغىزغا، قۇلاقتىن- قۇلاققا تاراپ، زامانىمىزغىچە يېتىپ كەپتۇ.


ۋەتىنىمگە بارىمەن

ئىككىنچى بۆلەك

گۈزەل تەبىئەت

دەرسكە تەييارلىق

- تەبىئەت بىلەن ئىنسانلارنىڭ قانداق مۇناسىۋىتى بار؟
- نېمە ئۈچۈن تەبىئەتنى قوغدىشىمىز لازىم؟

5- دەرس: توغراق

ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن (كىروران)

(بايان ماقالىسى)



بۇ يىل دەم ئېلىشتا، ئائىلىمىزدىكى تۆتەيلەن چەرچەندىكى ئۇرۇق-تۇغقانلارنى يوقلاپ كېلىش ئۈچۈن 1-ماي ئەتىگەندە كورلىدىن يولۇچىلار ئاپتوبۇسىغا ئولتۇرۇپ يولغا چىقتۇق. بىز ياپيېشىل لوپنۇر يېزىلىرىدىن ئۆتۈپ، قاقاس چۆلدە ئالاھازەل ئىككى سائەت ماڭغاندىن كېيىن، ئاپتوبۇس غۇژمەك-غۇژمەك توغراقلىققا كىردى.

كۆز ئالدىمىزدىكى بىر ئۈچى ئۈپۈققا تۇتاشقان ياپيېشىل توغراقلىق يېيىلىپ ياتاتتى. توغراقلار ئارىسىدىن زەن قويۇپ قارىغاندا، توغراقلىقنىڭ ئۇ تەرىپىدە گويا قېتىپ قالغان دېڭىز دولقۇنلىرىدەك چەكسىز قۇم بارخانلىرى كۆزگە چېلىقاتتى. بىز ئادەمنى غېرىپسىندۇرىدىغان زېرىكىشلىك قاقاسلىقتىن چىقىپ، بوستانلىققا يېتىپ بارغانلىقىمىز ئۈچۈن بولسا كېرەك، ئۇزاقتىن بۇيان كۆرۈشنى ئارزۇلاپ كەلگەن قىممەتلىك نەرسىمىزنى كۆرۈۋاتقاندەك، توغراقلارغا ھاياجان بىلەن تويماي قارايتتۇق. توغراق قوۋزاقلىرى خۇددى قاغجىرىغان سېغىزلاردەك چاك-چاك يېرىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ كۆككە بوي تارتقان شاخلىرى، غۇچچىدە يوپۇرماقلىرى يېشىل مەشئەلدەك گۈزەل ھەم ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى. ئىلگىرى مەن بۇ توغراقلىقتىن كۈزدە ئۆتكەندىم. كۈزنىڭ دەسلىپىدە توغراق يوپۇرماقلىرى بارا-بارا قىزغۇچ تۈس ئېلىپ، كۈن نۇرىدا مىس تەڭگىلەردەك پارقىراپ، كۆزنى قاماشتۇراتتى. كەچ كۈزدە بولسا، بارا-بارا سارغىيىپ، ھەل بېرىلگەندەك ساپسېرىق يالتىراپ، ئاجايىپ جىلۋىلىك كۆرۈنەتتى. شامالدا يەرگە تۆكۈلۈشلىرى بولسا، سېخىينىڭ ئېتىكىدىن تورۇكلاپ چۈشكەن ئالتۇن تىللالاردەك جۇلالىنىپ كۆزنىڭ يېغىنى يەيتتى ...

— قاراڭ، دادا، ئاۋۇ توغراقلارغا، — دېدى قىزىم، — ئۆزى قۇرۇپ قاپتۇ. يېنىدىكى غۇلاچ يەتمەيدىغان ئاۋۇ توغراق سۇنۇپ كېتىپتۇ، لېكىن يېنىدىن يېڭى قىرچىنلار كۆكلەپ چىقىپتۇ.

قىزىم كۆرسەتكەن تەرەپكە قارىسام، قوۋزاقلىرى سويۇلۇپ، قۇرۇپ قاقشال بولغان قېرى توغراق دۆڭدە يانپاشلاپ يېتىپتۇ. توغراقنىڭ يىلتىزى ئەتراپىدىن، ھاياتلىقنىڭ ئەڭ يارقىن نامايەندىسى سۈپىتىدە ئۈسۈپ چىققان قىرچىنلار بولسا، مەيىن چۆل شامىلىدا بىلىنەر-بىلىنمەس تەۋرىنىپ تۇرۇپتۇ. شۇ ئەسنادا قىزىم يەنە سوراپ قالدى:

— توغراق دېگەن ئاجايىپ خاسىيەتلىك دەرەخ ئىكەن - ھە، دادا؟

— شۇنداق، — دېدىم قىزىمغا چۈشەندۈرۈپ. قارىغاندا قىزىم توغراقنى مەھەللىمىزدىكى باشقا دەرەخلەر بىلەن سېلىشتۇرۇۋاتقاندەك قىلاتتى.



— خەلقىمىز ئارىسىدا «توغراق تىك تۇرۇپ مىڭ يىل، يىقىلىپ مىڭ يىل، توپىغا كۆمۈلۈپ مىڭ يىل ياشايدۇ» دېگەن گەپ بار. شۇڭا پېشقەدەملەر بىلەن خوشلاشقاندا: «توغراق يېشىدا ياشاڭ» دەيمىز ... توغراقتىن «توغرىغۇ» دەپ ئاتىلىدىغان، توپا رەڭ، قېتىشمىغا ئوخشايدىغان بىر نەرسە چىقىدۇ. كىچىك چېغىمىزدا ئاپام ئۇنى ئاش سودىسى ئورنىدا ئىشلىتەتتى. ئاش سودىسى پەيدا

بولغاندىن كېيىن توغرىغۇنى ئىشلەتمەيدىغان بولدى. توغراقتىن يەنە بىر خىل سۇ چىقىدۇ. تېۋىپلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ نۇرغۇن كېسەللەرگە شىپا بولىدىكەن ...

— بىرسى سۇغارمىسىمۇ ئۆسۈۋېرەمدۇ، دادا، بۇ توغراقلار؟ — قىزىم يەنە سوراشنى داۋاملاشتۇردى. ئۇنىڭ نەزىرى يىراقلاردىكى دۆڭلۈكلەردە، يەنە كېلىپ يېنىدا ھېچقانداق سۇ دىدارى كۆرۈنمەيدىغان جايلاردا مەغرۇر كۆكلەپ تۇرغان توغراقلاردا ئىدى.

— شۇنداق، قىزىم! سۇغارمىغان تەقدىردىمۇ ئۆسۈۋېرىدۇ، ئەمما يەر ئاستى سۈيى يېتەرلىك بولمىسا بولمايدۇ. 2000-يىلى 5-ئايدىن 2001-يىلى 11-ئايغىچە باغراش كۆلىدىن تارىم دەرياسىغا ئۈچ قېتىم سۇ قويۇپ بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن تېتىما كۆلى سۇغا قاندى. تارىم دەرياسىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى مىڭ مېتىردىن مىڭ ئالتىيۈز مېتىرغىچە كەڭلىكتە يەر ئاستى سۈيى ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى. ئۇزۇنلۇقى سەككىز يۈز كىلومېتىر، كەڭلىكى سەكسەن كىلومېتىر كېلىدىغان تارىم يېشىل كارىدورى يېڭىباشتىن شەكىللىنىشكە، قۇرۇپ كەتكەن تارىم بويلىرىنى يېپيېڭى ئۆسۈملۈكلەر قاپلاشقا باشلىدى. نۇرغۇن يېڭى قىرچىنلار ئۆسۈپ چىقتى. توغراقلارنىڭ يوپۇرماق تاشلاش ۋاقتىمۇ يىگىرمە كۈن ئارقىغا سۈرۈلدى.

قۇرۇپ كەتكەن، ئەمما تۈۋىدىن قىرچىنلار غۇچچىدە كۆكلەپ چىققان ھېلىقى يوغان توغراق كۆز ئالدىمدىن نېرى كەتمىدى. ئۇنىڭ گەۋدىسى يىللار مابەينىدە ھالىدىن كېتىپ يىقىلغانىدى. لېكىن قەيسەر يىلتىزلىرى ھاياتلىقنىڭ ئۆزلۈكسىز مەنبەسى سۈپىتىدە يېڭى-يېڭى قىرچىنلارنى بىخلىتىۋاتاتتى. يەر شارىنىڭ تېپىك قۇرغاق بۇ ئىقلىمىدا، ئەسىرلەردىن بېرى دەھشەتلىك قۇم-بوران ۋە قۇرغاقچىلىق ئىچىدە مەغرۇرانە ياشاپ كېلىۋاتقان بۇ توغراقلاردا چاقنىغان چىدام ۋە غۇرۇر، ئۆلمەس بىر روھنى ئەسكە سالاتتى. مەن قىزلىرىمغا قارىدىم. ئۇلار نېمىلەرنىدۇر ئويلاۋاتقاندەك قىلاتتى.



كۆنۈكمە

1. تېكىستكە ئاساسەن تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.

1) دادىنىڭ چۈشەندۈرۈشىدىن توغراقنىڭ قانداق ئالاھىدىلىكلىرىنى بىلىۋالدىڭلار؟

2) «توغراق تىك تۇرۇپ مىڭ يىل، يىقىلىپ مىڭ يىل، تۇپىغا كۆمۈلۈپ مىڭ يىل ياشايدۇ» دېگەن جۈملىنى قانداق چۈشىنىسىز؟

3) نېمىشقا چوڭلارغا ئۆزۈن ئۆمۈر تىلىگەندە «توغراق يېشىدا ياشاڭ» دەيمىز؟

4) «ئەسىرلەردىن بېرى دەھشەتلىك قۇم-بوران ۋە قۇرغاقچىلىق ئىچىدە مەغرۇرانە ياشاپ كېلىۋاتقان بۇ توغراقلاردا چاقنىغان چىدام ۋە غۇرۇر، ئۆلمەس بىر روھنى ئەسكە سالاتتى.» بۇ جۈملىدىكى «ئۆلمەس روھ» نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟

2. تۆۋەندىكى سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ مەنىسىنى لۇغەتتىن ئىزدەپ «لۇغىتىم»گە يېزىڭلار ۋە جۈملە تۈزۈڭلار.



قاغجىرىغان، ئالاھازەل، ئۈپۈق، زەن قويۇ-
بارخان، يىپىنچا، يېڭىباشتىن، قېتىشما
توغراق يېشىدا ياشا-، كۆزنىڭ يېغىنى يە-

3. «توغراق» ماۋزۇلۇق تېكىستتە قايسى تىنىش بەلگىلىرى ئىشلىتىلگەن؟ مىسال بىلەن كۆرسىتىڭلار.

4. تېكىستنى قايتا ئوقۇپ، سىلەرگە ئەڭ كۆپ تەسىر قىلغان مەزمۇننى يېزىڭلار.

5. تېكىستتىكى ئەڭ ياخشى كۆرگەن جۈملىلەرنى تاللاپ چىقىڭلار ۋە سىنىپتا ئۆزئارا ئورتاقلىشىڭلار.



ئىدىيوم

مەنىسى، ئۆز تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ لۇغەت مەنىسىگە باغلىنىشى بولمىغان، كۆچمە مەنىلىك سۆز، تۇراقلىق ئىبارە ۋە ياكى سۆز بىرىكمىسىدىن ئىبارەت. مەسىلەن:

موماينىڭ يېشى سەكسەندىن ئاشقاچقا، كۆزلىرى تورلىشىپ قالدى.

ئۇكامنىڭ قولىقى بەك يۇمشاق.

سادىرنىڭ كۆڭلى بەك تۈز، باشقىلارغا يامانلىقى يوق ئادەم.

5. تۆۋەندىكى ئىدىيوملارنى ئىشلىتىپ بىردىن جۈملە تۈزۈڭلار.

كۆزنى قاماشتۇر-	كۆزنىڭ يېغىنى يە-



تارىم دەرياسى




تارىم دەرياسى ــ تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان. ئۇ ئەتراپىدىكى تەڭرىتاغ، پامىر، قاراقۇرۇم، قۇرۇم ۋە ئالتۇن تاغلىرىنى مەنبە قىلغان 144 چوڭ - كىچىك دەريا ۋە ئېقىنلارنىڭ بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك قوشۇلۇشىدىن شەكىللەنگەن. تەڭرىتاغقا جايلاشقان تۆمۈر ۋە خانتەڭرى چوققىلىرى ئەتراپىدىن باشلىنىدىغان ئاقسۇ دەرياسى، قاراقۇرۇم تېغىدىن باشلىنىدىغان زەرەپشان(يەكەن) دەرياسى ۋە قاراقۇرۇم تېغىدىن باشلىنىدىغان خوتەن دەريالىرى قوشۇلۇپ، تارىم دەرياسىنى شەكىللەندۈردۇ. زەرەپشان دەرياسىنىڭ باشلىنىش نوقتىسىدىن ئاخىرقى قۇيۇلۇش نۇقتىسى بولغان تېتىما كۆلىگىچە ھېسابلىغاندا، تارىم دەرياسىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 2179 كىلومېتىر بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقتا دۇنيا بويىچە 5- ئورۇندا تۇرىدىغان ئىچكى قۇرۇقلۇق دەرياسى ھېسابلىنىدۇ. تارىم دەرياسى تارىختا ئۆز ئېقىن يولىنى دائىم ئۆزگەرتىپ، نۇرغۇنلىغان شاخچە ئېقىنلارنى ھاسىل قىلغاچقا، «يۇگەنسىز ئات» دەپ تەرىپلەنگەن. تارىم دەرياسى تارىختا لوپنۇر كۆلىگىمۇ قۇيۇلغان، لېكىن كېيىنكى مەزگىللەردىكى سۇ مىقدارىنىڭ ئازىيىشى، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن ئېقىن رايونىدا ئىنسانلارنىڭ چوڭ تىپتىكى سۇ ئامبارلىرىنى قۇرۇشى نەتىجىسىدە ئېقىنىنى ئۆزگەرتىپ، تىكەنلىك قەدىمىي ئېقىنىنى بويلاپ، تېتىما كۆلىگە قۇيۇلىدىغان بولغان.



تارىم دەرياسى ۋە ئۇنىڭ تارماق ئېقىنلىرى
1:13 000 000

6-دەرس: تەكلىماكان



تەكلىماكان قۇملۇقى ــ تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان. يەر مەيدانى 338 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئەڭ چوڭ، دۇنيا بويىچە 2-چوڭ قۇملۇق. «تەكلىماكان» دېگەن بۇ نامنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا «تەكتىماكان»، «كىرسە چىققىلى بولمايدىغان تىلسىم ماكان»، «بايلىق كۆمۈلگەن ماكان» قاتارلىق مەنىلىرى بار.

بۇ نامنىڭ كېلىپ چىقىشىدا مۇنداق بىر رىۋايەت بار: بۇ يەر ئەسلى كەڭ كەتكەن بوستانلىق ئىكەن. ئەمگەكچان، باتۇر، ئەقىل-پاراسەتلىك تەكلىماكانلىقلار دەل-دەرەخلەر باراقسان ئۆسكەن، گۈل-گىياھلار خۇش پۇراق چېچىپ تۇرغان، تۇپرىقى مۇنبەت، سۈيى ئەلۋەك، يايلاقلىرى چەكسىز بۇ ماكاندا ئەينى زاماندىكى ئاجايىپ ئاۋات شەھەر، قورغانلارنى بەرپا قىلغان ئىكەن. بىر كۈنى تۇيۇقسىز قارا بوران چىقىپ، قۇم-شېغىللارنى ئۇچۇرۇپ، بوستانلىقنى كۆمۈپ تاشلاشقا باشلاپتۇ. قىرىق كېچە-كۈندۈز توختىماي چىققان قارا بوران ياپيېشىل بوستانلىقنى، ئۇنىڭدىكى شەھەر، قورغان ۋە مەھەللىلەرنى قۇم ئاستىغا غەرق قىپتۇ. قارا بوران توختىغاندىن كېيىن، قۇم-بوران ئاپىتىدىن ئامان قالغان، ئەمما ئۆي-ماكانلىرىدىن ئايرىلغان تەكلىماكانلىقلار يەنە داۋاملىق ياشاش ئۈچۈن، قاۋۇل يىگىتلەرنى تاللاپ، قۇم-بوران ئاپىتىدە كۆمۈلۈپ قالغان ئەسلىي ماكانىغا بېرىپ ئاشلىق، كىيىم-كېچەكلەرنى تېپىپ كېلىشكە ئەۋەتىپتۇ، بىراق ئۇلار شۇ كەتكىنچە قايتىپ كېلەلمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ جاي كىشىلەرگە پايانسىز تىلسىم، سىرلىق بىر ماكان بولۇپ تۇيۇلۇپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ، كىشىلەر بۇ جايىنى «تەكلىماكان» دەپ ئاتىشىپتۇ ...

ئەلۋەتتە، بۇ ــ خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن رىۋايەت. ھازىر كىشىلەر يەنە «تەكلىماكان» دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا خىلمۇ خىل قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. مەسىلەن، تەكلىماكاننىڭ ئوتتۇرىسىدا خۇددى زەر يىپقا ئۆتكۈزۈلگەن يېشىل مەرۋايىتقا ئوخشاش نۇرغۇن بوستان ۋادىلار بىر-بىرىگە



تۇتاش ھالدا ھالقىسىمان تارقالغانىكەن. پەم-پاراسەتلىك، ئىشچان خەلقىمىز بۇ بوستانلىقلارنى كۆكەرتىش بىلەن بىللە، ئۆزۈمزارلىقلارنى بەرپا قىپتۇ. ئۇلار ئۇزاق تارىخ داۋامىدا، ياشاش مۇھىتىنىڭ ناچارلىشىشى تۈپەيلىدىن ئەسلىي ماكانىنى تاشلاپ، ئىقىن مەنبەسىنى قوغلىشىپ، تەدرىجىي كۆچۈپ ماكانلىشىپ ياشاپتۇ. بۇ جەرياندا تەرك ئېتىلىپ، قۇم دېڭىزى ئاستىغا غەرق بولغان شۇ ئۆزۈمزارلىقلارنى ئەسلەپ، ئۇنىڭغا «تەكلىماكان» دەپ نام بېرىپتۇ. كېيىنچە بۇ نام ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا شۇنداق ئاتىلىپ، تا بۈگۈنگە قەدەر كەپتۇ ...

تەكلىماكان چۆللىرىنىڭ جەنۇبىي چەتلىرىدىن تېپىلغان نۇرغۇن شەھەر خارابىلىرى، قەدىمىي ئاسارە-ئەتىقىلەر... مەسىلەن: نىيە خارابىسى، كىروران خارابىسى، مازار تاغدىكى قەدىمكى قەلئە قاتارلىقلار بۇنىڭ تارىخىي گۇۋاھچىسى سۈپىتىدە تاكى زامانىمىزغا قەدەر مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا.

ئۇنداقتا تەكلىماكان زادى قانداق ماكان؟ بىز بۇنى ياخشى چۈشەنسەك، ئۇنىڭ ھەرگىزمۇ تىلسىم ياكى قاقاس چۆل ئەمەسلىكىنى، بەلكى ئاستىمۇ ئۈستىمۇ ئالتۇن، بايلىقى مول ماكان ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتىمىز. تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ دائىرىسى كەڭ بولۇپلا قالماستىن، ئۇنىڭدىكى قۇم بارخانلىرىنىڭ شەكلىمۇ خىلمۇ خىل. كۆچمە بارخانلار پۈتكۈل قۇملۇق كۆلىمىنىڭ 85% نى تەشكىل قىلغاچقا، تەكلىماكان چۆلى دۇنيا بويىچە 2-ئورۇندا تۇرىدىغان كۆچمە قۇملۇق سانالماقتا.

تەكلىماكان قۇملۇقىدىكى قۇملار، تارىم دەرياسىدىكى ھەرقايسى تارماق ئېقىنلىرىنىڭ ئۆزى بىلەن بىللە ئېقىتىپ كەلگەن ئاقما چۆكۈندىلىرىدىن، قۇرۇپ كەتكەن دەريا دېلتىلىرىدىن، تىنما تۈزلەڭلىكلەرنىڭ قاتمۇقات چۆكۈندىلىرىدىن شەكىللەنگەن. قۇملۇقنىڭ كەڭ كۆلەملىك تەرەققىيات دەۋرىدىن قارىغاندا، قۇرغاق كىلىمات شارائىتىنىڭ تەسىرىدىن، يەر يۈزىدىكى چۆكۈندىلەر ئۇزاق يىللار داۋامىدا ئاپتاپتا ۋە شامالدا يىمىرىلىش ۋە يۆتكىلىش ئارقىلىق ھازىرقى كەڭ كۆلەملىك قۇملۇقلار شەكىللەنگەن.

تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ كىلىماتى ناھايىتى قۇرغاق، ھاۋا تېمپېراتۇراسىنىڭ سوتكىلىق پەرقى چوڭ. ھۆل-يېغىن 20 مىللىمېتىردىن تۆۋەن، پارلىنىش كۈچلۈك بولۇپ 300 مىللىمېتىردىن يۇقىرى. شۇنداق بولغاچقا، چەت ئەللىك ئېكسپېدىتسىيەچىلەر تەكلىماكاننى سۈپەتلەپ «ھاياتلىق يوق چۆل»، «ھالاكەت دېڭىزى» دېگەنناملار بىلەن ئاتىغان.

ھازىر تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان ماتېرىياللارغا قارىغاندا، بۇ چۆل ئۇنچىۋالا قاقاس ئەمەس، بەلكى بۇ يەردە مول يەرئاستى سۇ بايلىقى، تۇپراق بايلىقى بولغاندىن باشقا، يەنە ئۆسۈملۈك بايلىقىمۇ بار. بۇ جايدىكى پۈتمەس-تۈگىمەس قۇياش ئېنېرگىيەسى ۋە مول نېفىت، تەبىئىي گاز بايلىقى دۇنيا ئەللىرىنى ئۆزىگە جەلپ قىلماقتا.

كەلكۈن مەزگىلىدە خوتەن دەرياسىنىڭ تاشقىن سۈيى تەكلىماكاندىن ئېقىپ ئۆتۈپ، تارىم دەرياسىغا



قۇيۇلغاندىن باشقا، نىيە دەرياسى قاتارلىق دەريالارنىڭ ھەممىسى تەكلىماكاندا ئاياغلىشىپ، يەر ئاستى سۈيىنى تولۇقلايدۇ. شۇنداق بولغاچقا، بۇ قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا بەزى جايلاردىن بۇلاق سۈيى چىقىپ تۇرىدۇ. بەزى بارخانلار ئارىسىدا چايدام (چوڭ-چوڭ يېرىقلار) كۆللىرىمۇ شەكىللىنىپ قالىدۇ.

بۇ قۇملۇقتا يەنە يۇلغۇن، قومۇش، سۆكسۆك، چۆرگۈن، يانتاق قاتارلىق 70 نەچچە خىلدىن كۆپ ئۆسۈملۈك بار، ئۇلار ئۆز-ئارا گىرەلىشىپ ئۆسۈپ، ئاجايىپ گۈزەل چۆللۈك مەنزىرىسىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ قۇملۇقتا يەنە ئازادە ياشاپ كېلىۋاتقان 27 خىل ھايۋان بار. ئۇلار بۇ «قاقاس» چۆللۈكنى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بىر باغچىغا ئايلاندۇرغان.

يىغىپ ئېيتقاندا، تەكلىماكان قۇملۇقى تەبىئىي بايلىقى مول، مەنزىرىسىمۇ ئۆزگىچە بىر گۆھەر ماكان. ئۇ ھەرگىزمۇ «ئۆلۈك دېڭىز، قاقاس ماكان» بولماستىن، بەلكى نۇرغۇن بايلىق كۆمۈلۈپ ياتقان بىر ئۈمىد دېڭىزى. تەكلىماكان — ئادەم ياشىغۇسىز قاقاسلىق بولماستىن، بەلكى پۈتۈن دۇنيا كۆز تىكىۋاتقان كەلگۈسى ئىستىقبالى پارلاق بىر ماكاندۇر.



كۆنۈكمە

1. تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.

1) تەكلىماكاننىڭ ھاۋا كىلىماتى قانداق؟ نېمە ئۈچۈن؟

2) تەكلىماكاندىكى يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر قايسىلار؟ بۇلارنىڭ رولى نېمە؟

3) تەكلىماكاننىڭ «ئۈستىمۇ ئاستىمۇ ئالتۇن» بولۇشىنىڭ سىرى نېمە؟

4) سىزنىڭچە تەكلىماكان زادى قانداق ماكان ئىكەن؟

2. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى لۇغەتتىن تېپىپ، «لۇغىتىم»گە يېزىڭلار. ئاندىن جۈملە تۈزۈڭلار.



تىلسىم، باراقسان، بەرپا قىل-:

سىرلىق، گۈۋاھچى، چۆكۈندە، بوستانلىق

ھالاكەت، ھېلىھەم، ئىستىقبال



3. بېرىلگەن جۈملە شەكىللىرىگە ئىككىدىن جۈملە تۈزۈپ بېقىڭلار.



1) چۈنكى ________________، شۇڭا ئۇچۇن ________________.

2) ________________، ئالايلى: ________________________.

3) خۇلاسە قىلغاندا ________________، دېمەك ________________.

4) ________________ قارىغاندا ______، چۈنكى ________________.

5) ________________، ئەمما ____________________.

4. تېكىست نېمە بىلەن مۇناسىۋەتلىك؟ تېمىسىنى يېزىڭلار.

5. تېكىستنىڭ مەركىزى ئىدىيەسىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

6. تېكىستكە پەرقلىق شەكىلدە ئىككى ماۋزۇ يېزىڭلار.

7-دەرس: قاناس كۆلى

(بايان ماقالىسى)

قاناس كۆلى ــ شەرقىي تۈركىستاننىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئالتاي تېغىغا جايلاشقان. ئۇ تەبىئىي مەنزىرىلىك گۈزەل جاي بولۇپ، تاغنىڭ ئوتتۇرىسىغا، دېڭىز يۈزىدىن 1300 مېتىر ئېگىزلىككە جايلاشقان. كۆل ناھايىتى گۈزەل ۋە سىرلىق بولۇپ، ئۇنىڭ شىمالى ئادەم ئايىقى تەگمىگەن بىپايان تۈزلەڭلىك. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قاناس كۆلىدە ناھايىتى يوغان سۇ مەخلۇقى بار ئىمىش.

قاناس كۆلى ئۇزۇنلۇقى 25 كىلومېتىر، كەڭلىكى تەخمىنەن ئىككى كىلومېتىر كېلىدىغان سوزۇنچاق كۆل. تېپتىنچ كۆل سۈيىگە قارىغايلار ۋە ئېگىز تاغلار سايە تاشلاپ تۇرىدۇ. كۆلنىڭ ئەتراپى بۈك-باراقسان ئورمان بىلەن قاپلانغان بولۇپ، قارىغاي ۋە شەمشادلار قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. بەزى دەرەخلەرنىڭ شاخلىرى سۇ يۈزىگە تېگىپ تۇرىدۇ، بەزى دەرەخلەر سۇ يۈزىدە سوزۇلۇپ ياتىدۇ. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، سۇ مەخلۇقى گاھىدا كۆرۈنۈپلا غايىب بولىدىكەن. بەزىلەر ئۇزۇنلۇقى ئون مېتىر، ئېغىرلىقى ئىككى- ئۈچ تونىنا كېلىدىغان سۇ مەخلۇقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنمىش. ئۇلار ئۇنى يوغان قىزىل بېلىق (ئىلمىي ئاتىلىشى سالمۇ بېلىقى) بولسا كېرەك، دەپ پەرەز قىلىشقان. ئۇزۇنى تاسادىپىي كۆرسىتىپ قويۇۋاتقان بۇ زور مەخلۇق تا ھازىرغىچە بىر سىر بولۇپ تۇرماقتا.



(قاناس كۆلىدە قىش)

قاناسنىڭ ئىقلىمى تولىمۇ ئۆزگىچە ۋە ئۆزگىرىشچان. تومۇز ئىسسىق بولىدىغان ئىيۇل ئېيىدىن باشلاپ ئۇششۇك چۈشۈپ، ئاينىڭ ئاخىرىدا مۇز توڭلايدىكەن. بۇ ئارىلىقتا دائىم گۈلدۈرماما گۈلدۈرلەپ، چاقماق چېقىپ، مۆلدۈر يېغىپ تۇرىدىكەن. سېنتەبىردە قار ياغىدىكەن، قارلىق مەزگىل سەككىز-توققۇز ئاي ئەتراپىدا داۋاملىشىدىكەن. ساياھەت قىلىدىغان ۋاقىت ئەڭ كېچىككەندىمۇ ئاۋغۇستنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولىدىكەن، بىراق بىز ئاۋغۇستنىڭ ئاخىرقى بىر كۈنى يېتىپ كەپتۇق.



ئەزەلدىن ھېس قىلىپ باقمىغان جىمجىتلىقتا، دۇنيادىن ئايرىلغاندەك بولۇپ قالدۇق. بۇ يەردە ھەقىقەتەن جىمجىتلىق، خىلۋەتلىك ھۆكۈم سۈرەتتى. تىنىمسىز ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ھاۋا رايىمۇ بىز تۇرغان ئىككى كۈن ئىچىدە، خۇددى سېھرىلەنگەندەك قاناستا سىرلىق تۈس قوشۇپ قويىدى.

بىرىنچى كۈنى ئەتىگەندە، بۇلۇتلار تال-تال شايى بەلباغلاردەك تاغنى ئورىۋالدى، ئاندىن بىردىنلا يەنە توپ- توپ بولۇشۇپ تاغ بېشىغا قاراپ لەرزان كۆتۈرۈلدى. ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتمەيلا يەنە يېيىلىپ يىراق-يىراقلارغا ئۇزۇپ كەتتى، ئارقىدىنلا قارا بۇلۇتلار توپلىنىپ، شارقىراپ يامغۇر يېغىپ كەتتى. بىراق، ئىككى سائەت ئۆتە-ئۆتمەيلا كۈن پارقىراپ چىقتى. يەر يۈزىدىكى قارلار پۈتۈنلەي ئېرىپ تۈگىدى. تاغلار بولسا يەنىلا كۆزنى قاماشتۇرىدىغان كۈمۈش لىباسىنى كىيگەن ئىدى.

داڭلىق تەبىئىي مەنزىرىلىك جايلارنىڭ ھەممىسىلا گۈزەل بولىدۇ، لېكىن قاناسنىڭ گۈزەللىكىنى «ئاجايىپ» دەپ سۈپەتلەشكە بولىدۇ. كۆل سۈيىنىڭ سۈزۈكلۈكى، ئەتراپىنىڭ جىمجىتلىقى ۋە خىلۋەتلىكى كىشىنى شېئىرىي تۇيغۇلارغا چۆمدۈرىدۇ. ھەممە نەرسە شۇقەدەر تىمتاس، شۇقەدەر سىرلىق ئىدىكى، ئۇنىڭ تېگىگە يەتكىلى بولمايدۇ. مانا بۇ قاناسنىڭ ئۆزىگىلا خاس بولغان سېھرىي كۈچى.



كۆنۈكمە

1. تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بولىدىغان جۈملىلەرنى تېپىپ چىقىڭلار ۋە قانچىنچى ئابزاس، قانچىنچى قۇر ئىكەنلىكىنى يېزىڭلار.

1) قاناس كۆلى قەيەرگە جايلاشقان؟

2) قاناس كۆلىنىڭ مەنزىرىسى ۋە سىرلىقلىقى قانداق تەسۋىرلەنگەن؟

3) قاناس كۆلىنىڭ كىلىمات ئۆزگىرىشى ھەققىدە قانداق ئۇچۇرلار بېرىلگەن؟

4) قاناس كۆلىنىڭ قانداق ئالاھىدىلىكى بار؟

2. قاناس كۆلى ھەققىدىكى تەسىراتىڭلارنى قىسقىچە يېزىپ چىقىڭلار.

3. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى لۇغەتتىن تېپىپ، «لۇغىتىم»گە يېزىڭلار ۋە جۈملە تۈزۈڭلار.





خىلۋەت، مەخلۇق، تومۇز ئىسسىق

ئۈششۈك، مۆلدۈر، نامايان، ھۆكۈم قىل-

نامەلۇم، تاسادىپىي، تىمتاس



ئابزاس

سۆزلەردىن جۈملە، جۈملىلەردىن بولسا، ئابزاس بارلىققا كېلىدۇ. ئابزاسلار تېكىستنى شەكىللەندۈرىدۇ. ھەر بىر ئابزاستا مەلۇم ئىش-ھەرىكەت ياكى ئوي-پىكىر ئىپادىلىنىدۇ. ھەر بىر ئابزاستىكى جۈملىلەر، مەنە جەھەتتىن بىر-بىرى بىلەن باغلىنىشلىق بولىدۇ.

4. تۆۋەندىكى سۆزلەردىن بىرنى تېما قىلىپ تاللاپ، بەش جۈملىدىن تەركىب تاپقان بىر ئابزاس يېزىپ بېقىڭلار.

تىرىشچان　　　جاسارەتلىك　　　مەسئۇلىيەتچان

5. ئۇيغۇر تىلى باي بىر تىلدۇر. دېمەكچى بولغان ھەرقانداق سۆزىمىزنى ئۇيغۇرچە ئىپادىلىيەلەيمىز. شۇڭا بىر جۈملە سۆزلىگەندە، ئارىسىغا بىر-ئىككى سۆزنى باشقا تىللاردىن قوشۇۋالماسلىقىمىز لازىم. ساپ ئۇيغۇرچە ئىشلىتىش ئۈچۈن نۇرغۇن سۆزلەرنى بىلىۋېلىشىمىز كېرەك. كۆپلەپ ئۇيغۇرچە سۆز بىلىش ۋە ئۆگىنىش ئۈچۈن نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى مۇزاكىرە قىلىڭلار.



بىلىۋالاي

قاناس كۆلى ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ بۇرچىن ناھىيەسىگە جايلاشقان. كۆل يۈزى 45.7 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، كەڭلىكى 25 كىلومېتىر، ئۇزۇنلۇقى 30 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئوتتۇرىچە چوڭقۇرلۇقى 120 مېتىر بولۇپ، ئەڭ چوڭقۇر قىسمى 188 مېتىردىن ئاشىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1340 مېتىر. ياز كۈنلىرىدىكى قاناس كۆلى رايونىدا ئورمان، ئوتلاق ۋە كۆل مەنزىرىسى ئىنتايىن گۈزەل بولۇپ، كىشىلەرنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىدۇ.

8- دەرس: ئۇيغۇر تىلى بىلىملىرى: جۈملە ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى

1. جۈملە: سۆز ۋە سۆز بىرىكمىسىدىن تۈزۈلگەن، تولۇق ئاياغلاشقان ئوي-پىكرنى بىلدۈرىدىغان ۋە بەلگىلىك ئىنتوناتسىيەگە ئىگە بولغان ئەڭ ئاساسىي ئالاقە بىرلىكى **جۈملە** دېيىلىدۇ.

جۈملە ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق سۆز، سۆز بىرىكمىسى ۋە جۈملىنىڭ مەلۇم سىنتاكسىسلىق يول بىلەن بىرىكىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. مەسىلەن:

ئىشىك ئېچىلدى.
دادام ئالدىرىغىنىچە كىرىپ كەلدى.
ئۆيدىكى ھەممەيلەن ئۇنىڭغا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ قالدۇق.
دادام نېمە دەركىن دەپ، ھەممىمىز ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ تۇراتتۇق.
دادام ھېچ ئىش يوقلۇقىنى ئېيتتى ۋە بىزگە قاراپ كۈلۈمسىرىگىنىچە غۇلچىنى ئاچتى.

2. جۈملىنىڭ تۈرلىرى: جۈملىلەر ئادەتتە مەنىسىگە قاراپ بايان جۈملە، سوئال جۈملە، بۇيرۇق جۈملە ۋە ئۈندەش جۈملە دەپ تۆت تۈرگە بۆلۈنىدۇ. مەسىلەن:

بۈگۈن مەكتەپكە باردىم. (بايان جۈملە)
مۇئەللىم كەلدىمۇ؟ (سوئال جۈملە)
ياشىسۇن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىنتىپاقلىقى ! (ئۈندەش جۈملە)
ھەممىڭلار تېز قايتىپ كېلىڭلار ! (بۇيرۇق جۈملە)

بۇنىڭدىن باشقا جۈملىلەر يەنە جۈملە تىپىغا ئاساسەن، ئاددىي جۈملە ۋە قوشما جۈملە دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. مەسىلەن:

قىش پەسلىنى بەك ياخشى كۆرىمەن. (ئاددىي جۈملە)
ئۇ بۈگۈن ئاغرىپ قالغاچقا، مەكتەپكە كېلەلمىدى. (قوشما جۈملە)



مەشىق باغچىسى

1. تۆۋەندىكى رەسىمنى تەپسىلىي كۆزىتىپ، رەسىمنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن بەش جۈملىدىن تەركىب تاپقان بىر ئابزاس تېكىست يېزىڭلار.



2. تۆۋەندىكى ئابزاسنى ئوقۇغاندىن كېيىن، بېرىلگەن سۆزلەرنىڭ ئىككى خىل مەنىسىنى يېزىپ چىقىڭلار ۋە شۇ مەنە بويىچە جۈملە تۈزۈڭلار.

سۆيگۈ پۈتۈن قەلبلەرنى ئاچىدىغان ئاچقۇچ. ئۇنىڭ بىلەن ئېچىلمايدىغان قەلب يوقتۇر. قەلب خاپىلىق بىلەن يېپىلغان بولسۇن ياكى قاتتىق ئاچچىق بىلەن يېپىلغان بولسۇن، ئوخشاشلا بۇ ئاچقۇچ بىلەن ئاچقىلى بولىدۇ. سۆيگۈ بىر ئېغىز تاتلىق سۆز، ھەتتا ئىللىق بىر قاراش بىلەنمۇ رەنجىگەن قەلبلەرنى ئاچالايدۇ. ئوقۇتقۇچى مېھىر-مۇھەببىتى بىلەن دەرس ئۆتسە، ئۆگىنەلمەيدىغان ئوقۇغۇچى يوقتۇر. دېھقان مېھرى بىلەن تۇپراقنى سۇغارسا، ھوسۇل بەرمەيدىغان تۇپراق يوقتۇر. ئىشچى كۆڭۈل قويۇپ ئىشلىسە، تۈگىتەلمەيدىغان ئىش يوقتۇر.

ئاچچىق

1-مەنىسى:

2-مەنىسى:

ئاچقۇچ

1-مەنىسى:

2-مەنىسى:

ئاچ-

1-مەنىسى:

2-مەنىسى:

3. تېپىشماقلارنى تېپىڭلار.



1) ئەلمۇ كۆكىرەر، يەرمۇ كۆكىرەر،
گەر بولمىسا ئۇ، ھاياتلىق تۈگەر،
دېھقان تاغىلار، سائەت دەپ بىلەر.

2) ئەتىيازدا ياشىرىدۇ،
كۈزدە تاشلىنىدۇ.

3. تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.

1) كىتاب ئوقۇشنىڭ قانداق پايدىسى بار؟

2) بىر كىتابنىڭ كىملىك ئۇچۇرلىرى نېمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟

3) سىز قانداق كىتابلارنى ئوقۇشنى ياخشى كۆرىسىز؟

4) «كىتاب ــــ ئەڭ ياخشى دوست» دېگەن جۈملىنى قانداق چۈشىنىمىز؟



ئۆزىنى تونۇشتۇرۇش خېتى

باشقىلارغا ئۆزى توغرۇلۇق قىسقىچە ئۇچۇر بېرىشنى مەقسەت قىلىدىغان خەتتۇر. شۇڭا ئۆزىمىزنى تونۇشتۇرۇش خېتى يازغاندا، كىمگە يازغىنىمىز، ئىسىم-فامىلىمىز، تۇغۇلغان جاي ۋە تۇغۇلغان ۋاقتىمىز، يېشىمىز، ئوقۇۋاتقان مەكتىپىمىز (خىزمەت ئورنىمىز، كەسپىمىز)، بىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك باشقا ئۇچۇرلار (پائالىيەت، قىزىقىش) ۋە خەت يېزىلغان چېسلا قاتارلىقلارنى يازىمىز.

4. تۆۋەندىكى بوش ئورۇنلارنى تولدۇرۇش ئارقىلىق ئۆزۈڭلارنى تونۇشتۇرۇپ، بىر پارچە تونۇشتۇرۇش خېتى يېزىڭلار.

تونۇشتۇرۇش خېتى

ھۆرمەتلىك__________________________________غا/ گە،

مەن___________________________________، ______-يىلى ____-ئاينىڭ ____-كۈنى

_________________________________دە تۇغۇلدۇم. ________ ياشقا كىردىم. __________________

______________________________مەكتىپىدە / دە ________________ كەسپىدە ئوقۇيمەن/ ئىشلەيمەن.

قىزىقىشىم ۋە مەن قاتنىشىۋاتقان پائالىيەتلەر ____

____

____.

ھۆرمەت بىلەن: (ئىمزا)

______-يىلى ____-ئاينىڭ ____-كۈنى

5. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى مەنىسىگە قاراپ، تۈرگە ئايرىڭلار.

1) مەن كىتاب ئوقۇشنى بەك ياخشى كۆرىمەن. ( )

2) پاھ! تاپشۇرۇقلىرىڭىزنى بىردەمدىلا ئىشلەپ تۈگىتىپسىزغۇ! ( )

3) بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ باشقا ئۇسۇلى بارمۇ؟ ( )

4) تېز بولۇڭ! ئايروپىلانغا كېچىكىپ قالمايلى! ( )

5) ئۇلار بۈگۈن ساياھەتكە ماڭمايدىغان بولدى. ( )



ئۈچىنچى بۆلەك

ئەقىل ۋە بىلىم

دەرسكە تەييارلىق

- سىز قانداق تېمىلارغا قىزىقىسىز؟
- ئۆزىڭىز قىزىققان تېما توغرىسىدىكى ئۇچۇرلارغا قانداق ئېرىشىسىز؟

9-دەرس: ئۇيغۇرلار ئىشلەتكەن يېزىقلار

ئۇيغۇر خەلقى تارىختىن بۇيان، قەدىمكى تۈرك يېزىقى (ئورخۇن يېزىقى ياكى كۆكتۈرك يېزىقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى (كونا يېزىق دەپمۇ ئاتالغان)، لاتىن يېزىقى (يېڭى يېزىق دەپمۇ ئاتالغان)، سلاۋيان يېزىقى، ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى فونېتىكىلىق ئۇيغۇر يېزىقى قاتارلىق يېزىقلارنى كەڭ كۆلەمدە قوللىنىپ، ناھايىتى كۆپ يازما يادىكارلىقلارنى، قىممەتلىك ئەسەرلەرنى قالدۇرغان.

ئىسلامىيەتتىن بۇرۇن

ئۇيغۇرلار 932-يىلى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان. بۇنىڭدىن بۇرۇن كۆك تەڭرىگە، شامان، مانى ۋە بۇددا دىنلىرىغا ئېتىقاد قىلغان. تۈرك خەلقلىرىنىڭ بۇ دەۋرلەرگە ئائىت يادىكارلىقلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئۇيغۇرلار يېزىپ قالدۇرغان يادىكارلىقلاردۇر.

ئورخۇن ۋادىسىدىن يېنسەي دەريا ۋادىلىرىغىچە بولغان يەرلەردە تىكلەنگەن تاش ئابىدىلەر، دۇنخۇاڭ، خېشى كارىدورى، تۇرپان ۋادىسىدىكى بېزەكلىك مىڭئۆي ئىبادەتخانىسى ۋە تارىم ۋادىسىدىكى بوستانلىقلاردىن ۋە قەبرىلەردىن تېپىلغان يازما ۋە تام رەسىملىرى، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەقىل-پاراستىنىڭ نامايەندىسىدۇر.

بىزگىچە يېتىپ كەلگەن تۇنجى ۋە ئۇزۇن تېكىست سۈپىتىدىكى يازما يادىكارلىقلار، قەدىمكى تۈرك يېزىقى (ئورخۇن يېزىقى ياكى كۆكتۈرك يېزىقى) بىلەن يېزىلغان مەڭگۈتاشلار بولۇپ، بۇ يېزىق ئۇيغۇر قاتارلىق تۈرك خەلقلىرىنىڭ ئورتاق يېزىقى ئىدى.

ئۇيغۇرلار كېيىن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى ئىشلىتىشكە باشلىغان.


قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، تارىختا ئۇيغۇرلار ياراتقان ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ئىسمى بىلەن ئاتالغان يېزىق

بولۇپ، 8-ئەسىردىن 17-ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە مىڭ يىل بويىچە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قوللىنىلغان.

I C 5

I C 6

مەڭگۈتاشلارغا پۈتۈلگەن قەدىمكى تۈرك يېزىقى





قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى

ئىسلامىيەتتىن كېيىن

ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان ۋە ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللىنىشقا باشلىغان. بۇ يېزىقنى مىڭ يىلدىن بېرى ئىشلىتىپ، نۇرغۇن قىممەتلىك ئەسەرلەرنى مۇشۇ يېزىق بىلەن روياپقا چىقارغان. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى، ئۇزۇن مەزگىل بىرلىكتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. «قۇتادغۇ بىلىك» ھەم قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى نۇسخىسى ھەمدە ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى نۇسخىلىرى تېپىلغان ئەسەردۇر.

20-ئەسىرنىڭ بېشىدا رۇسلار سوۋېت ئىتتىپاقىنى قۇرۇپ، ئۆزى ئىشغال قىلغان تۈرك خەلقلىرىگە سىلاۋيان يېزىقى قوللاندۇرغان. 1990-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلىنىپ، قازاقىستان، قىرغىزىستان قاتارلىق جايلار مۇستەقىل بىرەر جۇمھۇرىيەت بولغان بولسىمۇ، ھازىرغىچە سىلاۋيان يېزىقىنى ئىشلىتىپ كەلمەكتە. شۇڭا، بۇ ئۆلكىلەردىكى ئۇيغۇرلارمۇ سىلاۋيان يېزىقىنى ئىشلىتىدۇ.





Xinjiang Uyƣur Aptonom Rayonluk
Həlk Komitetining Buyruƣi

«Uyƣur Yengi Yeziƣining Fang'əni», «Kazak Yengi Yeziƣining Fang'əni» ni guowuyüən 1964-yili 10-ayning 23-küni təstiklidi. Hazir elan kilinsun.

Xinjiang Uyƣur Aptonom Rayonining zhuxisi:

Səypidin Əzizi

1965-yili 1-ayning 1-küni

ۋەتىنىمىزدە ئىسلام دىنى بىلەن بىرلىكتە قوبۇل قىلىنغان ئەرەب يېزىقىغا قارىتا، 1925- ۋە 1954- يىللاردا بەزى ئىسلاھاتلار ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، ئومۇمىي جەھەتتىن چوڭ ئۆزگىرىش بولمىغان ۋە بۇ يېزىق ئۈزلۈكسىز ئىشلىتىلگەن. 1965-يىلدىن 1983- يىلغىچە لاتىن يېزىقى ئىشلىتىلگەن.

1984-يىلدىن باشلاپ، ھازىر ئىشلىتىلىۋاتقان ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى فونېتىكىلىق ئۇيغۇر يېزىقى قوللىنىلغان. بۇ يېزىقنىڭ فونېتىكىلىق يېزىق دەپ ئاتىلىشىدىكى سەۋەب، ئەرەب يېزىقى ئۇيغۇر تىلىنىڭ تاۋۇش ئالاھىدىلىكىگە لايىقلاشتۇرۇلغان.

2000-يىلدىن كېيىن توردا، بەزى ناخشا پىلاستىنكىلىرىدا ۋە بەزى مەھسۇلاتلارنىڭ قېپىدا لاتىن يېزىقى ئىشلىتىلگەن. لېكىن ھەرپلەردە بىردەكلىك بولمىغان. شۇڭا زىيالىيلار كىتابىمىزنىڭ 128-بېتىدىكى ئۆلچەملىك لاتىن يېزىقىنى ئېلان قىلغان.

ئوخشىمىغان دۆلەتلەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ئورتاق تىلى – ئانا تىلى بولغان ئۇيغۇر تىلىدۇر. لېكىن بۇ تىلنى يېزىش ئۈچۈن ئەرەب يېزىقى، سىلاۋيان يېزىقى ۋە كۆلىمى ئاز بولسىمۇ لاتىن يېزىقى ئىشلىتىلىۋاتىدۇ. ئوخشىمىغان دۆلەتلەردە ئوخشىمىغان يېزىق ئىشلىتىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ بىر-بىرىنى چۈشىنىشى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارنى، ھەر خىل كەسىپكە ئائىت بىلىملەرنى بىر-بىرىگە يەتكۈزۈشى ئۈچۈن، مۇتەخەسسىسلەر يېزىقلارنى بىر-بىرىگە ئايلاندۇرىدىغان قورال ۋە ئەپ ياساپ چىقتى. بۇ قورال ۋە ئەپنىڭ بەزىلىرىنى تور مۇھىتىدا ئىشلىتىشكە بولىدۇ. بەزىلىرىنى بولسا كومپيۇتېرغا ياكى تېلېفونغا چۈشۈرۈپ، ئىشلىتىشكە بولىدۇ.



كۆنۈكمە

1. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى ئاۋۋال پەرەز قىلىڭلار، ئاندىن لۇغەتتىكى مەنىسى بىلەن سېلىشتۇرۇڭلار. ئاخىرىدا «لۇغىتىم»گە يېزىڭلار. ئەڭ ئاخىرىدا بىردىن جۈملە تۈزۈڭلار.





سلاۋيان، يادىكارلىق، فونېتىكىلىق، قىممەتلىك، ئىسلامىيەت،
ئېتىقاد قىلـ-، كۆپىنچە، نامايەندە، تۈنجى، مەزگىل

2. تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.

1) ئۇيغۇرلار تارىختىن بۇيان كەڭ كۆلەملىك قوللانغان يېزىقلار قايسىلار ؟
2) هازىر پۈتۈن دۇنيادىكى ئۇيغۇرلار قايسى يېزىقلارنى ئىشلىتىۋاتىدۇ؟
3) سىزنىڭچە ئوخشىمىغان دۆلەتلەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ئوخشىمىغان يېزىق ئىشلىتىشى، ئۇيغۇرلارغا قانداق قىيىنچىلىقلارنى ئېلىپ كېلىدۇ؟
4) سىزنىڭچە يېقىن كەلگۈسىدە پۈتۈن دۇنيادىكى ئۇيغۇرلار مۇستەقىل دۆلەتكە جەم بولغاندا، قايسى يېزىقنى ئىشلىتىشى مۇمكىن؟ نېمە ئۈچۈن؟

3. تۆۋەندىكى تور بەتلىرىنى زىيارەت قىلىپ، يېزىق ئايلاندۇرۇش قورالىنى ۋە ئەپنى سىناپ كۆرۈڭلار.

1. https://www.yulghun.com/tools/convert.html

2. https://github.com/gheyret/UyghurEditPP

3.https://apps.apple.com/jp/app/%D8%A6%DB%95%DB%8B%D9%84%D8%A7%D8%AF-%D9%84%DB%87%D8%BA%D9%89%D8%AA%D9%89/id1482295832?l=en-US

(ئېرىشىش: 2024-3-15، 21:00)

4. يېزىق ئايلاندۇرۇش قورالىنى ياكى ئەپنى سىناش جەريانىدا نېمىلەرنى بايقىدىڭلار؟

5. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئۈلگە بويىچە تولۇقلاڭلار.

ئۈلگە: سۇ بولمىغان بولسا، هاياتلىق بولمىغان بولاتتى.
يېزىق بولمىغان بولسا، ...
قەغەز ئىجاد قىلىنمىغان بولسا، ...
مەن ئوقۇش ۋە يېزىشنى بىلمىگەن بولسام، ...
كورونانىڭ ۋاكسىنىسىنى مەن ئىجاد قىلغان بولسام،...

10-دەرس: ئىبن سىنا

ئادىل مۇھەممەت

(چۈشەندۈرۈش ماقالىسى)

ئىبن سىنا زادى كىم؟ دوختۇرلار ئۇنى «مەشھۇر دوختۇر» دېسە، ماتېماتىكلار «مەشھۇر ماتېماتىك ۋە ئاسترونوم» دەيدۇ. ئەدىبلەر بولسا، «ئۇ داڭلىق شائىر ۋە ئەدىب» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. گېئولوگلار «ئۇ گېئولوگىيە ئىلمىنىڭ نەزەرىيەچىسى ئەمەسمۇ؟» دېسە، مۇزىكانتلار «ئۇ مۇزىكا ئىلمىنىڭ نەزەرىيەچىسى» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئىبن سىنا ئەنە شۇنداق كۆپ تەرەپلىمە بىلىمى بىلەن دۇنيا ئەللىرىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان ئۇلۇغ ئالىم. شۇنداقلا دۇنيا تېبابەتچىلىك ئىلمىگە قوشقان ئاجايىپ تۆھپىلىرى بىلەن كىشىلەرنىڭ قەلب تۆرىدىن ئورۇن ئالغان تېبابەت ئالىمى.

ئۇلۇغ ھېكىم ئىبن سىنا، 980-يىلى ھازىرقى ئۆزبېكىستاننىڭ بۇخاراغا يېقىن ئافشانە شەھرىدە تۇغۇلۇپ، 1037-يىلى ئەللىك يەتتە يېشىدا ھازىرقى ئىراننىڭ ھەمەدان شەھرىدە ۋاپات بولغان.

ئۇ كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا تېبابەتچىلىككە يۈزلىنىپ، داۋالاش ساھەسىدىكى ئۇچۇرلارنى ئۆگىنىپلا قالماي، يېڭىچە داۋالاش ئۇسۇللىرىنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرغان. ئۇ ئون توققۇز يېشىدا تېۋىپلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشىپ، بىمارلارنى ھەقسىز داۋالاشقا باشلىغان. يىگىرمە بىر ياشقا كىرگەندە، ئۆز دەۋرىنىڭ ئەڭ داڭلىق تېۋىپلىرىنىڭ بىرىگە ئايلانغان.

ئىبن سىنا تېبابەت توغرىسىدا نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە، ئەڭ كاتتا ئەسەرلىرىنىڭ بىرى بولغان «كىتابۇش-شىفا» يەنى «ساغلاملىق كىتابى» ئىنسانىيەت تارىخىدىكى بىر كىشى تەرىپىدىن يېزىلغان ناھايىتى كەڭ دائىرىلىك ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەسەر لوگىكا، فىزىكا، گېئومېترىيە، ئاسترونومىيە، ماتېماتىكا، مۇزىكا ۋە مېتافىزىكا قاتارلىق پەنلەرگە دائىر ئۆز دەۋرىنىڭ بارلىق بىلىملىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان بىر قامۇستۇر.

ئىبن سىنا پەقەت تۈرك خەلقلىرىنىڭ تېبابەتچىلىك تارىخىدا مۇھىم ئورۇنغا ئىگە ئالىمى بولۇپلا قالماستىن، ئۆزى ياشىغان دەۋرنىڭ شۇنداقلا دۇنيا تېبابەت تارىخىنىڭ ئەڭ مۇھىم دوختۇرى ۋە تەتقىقاتچىسى دەپ قارىلىدۇ.

ئۇ تېبابەت ۋە پەلسەپە قاتارلىق ساھەلەرگە چېتىشلىق ئىككى يۈزگە يېقىن كىتاب، تۆت يۈز ئەللىككە يېقىن ماقالە يازغان. ئۇنىڭ «تېبابەتنىڭ قانۇنى ۋە داۋالاش» ناملىق ئەسىرى ياۋروپادىكى ئالىي مەكتەپلەردە 17-ئەسىرگىچە دەرسلىك كىتابى سۈپىتىدە ئوقۇتۇلغان. «ئەل قانۇنى» قاتارلىق كىتابلىرىدا ۋە ھەرخىل رىساللىرىدە تېبابەت تەتقىقاتى، يېڭى داۋالاش ئۇسۇللىرى، جەددىي قۇتقۇزۇش، كېسەلگە دورا يېزىش، تومۇر تۇتۇش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇھىم بىلىملەر ئورۇن ئالغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى تېبابەت ئىلمىنىڭ ئانا مەنبەسى قاتارىدا قوللىنىلىپ كەلگەن. غەربتە «ئاۋىسېننا» دەپ ئاتىلىدىغان ئىبن

سىنانىڭ ئىسمى بىلەن باغلانغان «مېدىتسىنا» ئاتالغۇسى، ئىبن سىنانى ئەبەدىيلەشتۈرگەن.

ئىبن سىنانىڭ تېبابەتچىلىك ھەققىدە يازغان ئەسەرلىرى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك تارىخىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئىبن سىنا دەۋرىدىن تارتىپ تاكى ھازىرغىچە ياشاپ ئۆتكەن ئۇيغۇر تېۋىپلىرى، ئىبن سىنا ئەسەرلىرىدىن ئوزۇق ئېلىپ، داۋالاش ئەمەلىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن. ئىبن سىنانىڭ تېبىبىي تەلىماتلىرى، ئۇلۇغ ئالىم ئەبۇ نەسىر فارابىنىڭ ئىلغار كۆز-قاراشلىرىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىگە يېڭى مەزمۇن قوشقان.



كۆنۈكمە

1. تۆۋەندىكى يېڭى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى ئاۋۋال تېكىست بىلەن بىرلەشتۈرۈپ پەرەز قىلىڭلار، ئاندىن لۇغەتتىكى مەنىسى بىلەن سېلىشتۇرۇڭلار. ئاخىرىدا «لۇغىتىم»گە يېزىڭلار. ئەڭ ئاخىرىدا ھەر بىرىگە بىردىن جۈملە تۈزۈڭلار.



ساز اۋەر، قەلب تۆرى، مۇجەسسەم، چېتىشلىق، تەلىمات، راۋاج، رىسالە، تېبابەت، ماقالە، تومۇر تۇت-



2. تېكىستكە ئاساسەن تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.

1) ئىبن سىنا قايسى ساھەلەردىكى بىلىملەرنى ئۆگەنگەن؟

2) ئىبن سىنا ھاياتىدا قانچە ئەسەر يازغان؟ ئۇلاردىن قايسىلىرىنى بىلىسلەر؟

3) ئىبن سىنانىڭ «ساغلاملىق كىتابى» قايسى پەنلەرنى ئاساس قىلىدۇ؟

4) ئۇيغۇر تېبابەت ساھەسىدە كىملەرنى بىلىسلەر؟

3. تېكىستنىڭ مەركىزى ئىدىيەسى نېمە؟

4. تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى تېكستنىڭ ژانىرىنى توغرا ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ؟ جاۋابىڭلارنى ماۋزۇنىڭ ئاستىدىكى بوش ئورۇنغا يېزىڭلار.

1) ھېكايە 2) چۈشەندۈرۈش ماقالىسى 3) شېئىر

5. تۆۋەندىكى ئىدىيوملارنى يېشىپ چۈشەندۈرۈڭلار.



قەلب تۆرىدىن ئورۇن ئالماق

تۆت كۆز بىلەن كۈتمەك



كۆڭلى غەش بولماق

تاۋۇزى قولتۇقىدىن چۈشۈپ كەتمەك

11- دەرس: تۇنجى قەلەم ھەققى

چىڭغىز ئايتماتوف

(بايان ماقالىسى)

مەن بەش ياش ۋاقتىمدا تۇنجى قېتىم «تەرجىمان» بولغانىدىم. شۇ چاغدا ماڭا ئىنئام قىلىنغان بىر پارچە گۆش، مېنىڭ ھاياتىمدىكى تۇنجى «قەلەم ھەققىم» بولۇپ قالغانىدى. ئۇ چاغدا مەن ئىلگىرىكىدەكلا مومام بىلەن بىللە تۇراتتىم. بۇ دەل يېزا ئىگىلىكىنى كولخوزلاشتۇرۇش مەزگىللىرى ئىدى. ياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە بىزنىڭ كولخوزدا بىر كېلىشمەسلىك يۈز بەردى. بىر نەسىللىك ئات تۇيۇقسىز ئۆلۈپ قالدى. ئۇنىڭ قورسىقى كۆپۈپ ناغرىدەك بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ، رۇسىيەدىن ئېلىپ كېلىنگەن ناھايىتى قىممەت باھالىق ئات ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئالاقىچىمىز ئاتقا مىنىپ، كەنتكە بېرىپ، بۇ ئەھۋالنى خەۋەر قىلدى. ئاندىن رايونغا خەۋەر قىلىندى. ئەتىسى، رۇس مىللىتىدىن بولغان بىر مال دوختۇرى بىزنى ئىزدەپ كەلدى. ئۇ ساقاللىق، كۆك كۆز، قارا پەلتو كىيگەن، بەلباغ باغلىۋالغان ئېگىز بويلۇق ئادەم ئىدى.



ئېسىمدە قېلىشىچە، ئۇ قىرغىزچە بىر ئېغىزمۇ سۆزلىيەلمەيتتى. ئاتنىڭ ئۆلۈش سەۋەبىنى ئېنىقلاپ، ئۆلگەنلىك ئىسپاتىنى يېزىپ چىقىش لازىم ئىدى. ئات باقارلار ئويلىشىپ، مېنى تەرجىمانلىق قىلىپ بېرىشكە چاقىردى. شۇ چاغدا، مەن بىر توپ باللار بىلەن بۇ يات ئادەمگە قىزىقسىنىپ قاراپ تۇراتتىم. بىر ئات باقار ماڭا:

ــ بۇ ئادەم بىزنىڭ تىلىمىزنى بىلمەيدىكەن، سەن بىزگە تەرجىمانلىق قىلىپ بەرگىن، ـ دېدى.

مەن ھەم ئىزا تارتىپ، ھەم قورقۇپ كەتكەچكە، مومام بار چېدىرغا يۈگۈرگەن پېتىم كىرىپ كەتتىم. باللار چۇقان- سۈرەن سېلىشىپ كەينىمدىن يۈگۈردى. ئۇزاق ئۆتمەي ھېلىقى ئات باقار مېنى يەنە ئىزدەپ

كەلدى. ئۇ مېنىڭ قېچىپ كەتكىنىمدىن رەنجىدى. مومام ئادەتتە مېنىڭ مەيلىمگە قويياتتى. لېكىن، بۇ قېتىم بىرئاز رەنجىگەن ھالدا قاپاقلىرىنى تۈرۈپ:

— چوڭلارغا نېمىشقا ھۆرمەتسىزلىك قىلىسەن؟ سېنى تەكلىپ قىلىپ كەلگەنلەرنىڭ چوڭ ئادەملەر ئىكەنلىكىنى بىلىشىڭ كېرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە رۇس تىلىنى سۆزلىيەلەيدىغان تۇرۇپ، بۇنداق قىلغىنىڭ نېمىسى؟— دېدى.

مەن زۇۋان سۈرمىدىم. دوستلىرىمنىڭ ھەممىسى چېدىرنىڭ كەينىگە مۆكۈنۈۋېلىپ، تاماشا كۆرۈۋاتاتتى. مومام يەنە:

— نېمە بولدى، رۇس تىلىنى سۆزلەشتىن خىجىل بولۇۋاتامسەن ياكى ئۆزىمىزنىڭ تىلىنى سۆزلەشتىن خىجىل بولۇۋاتامسەن؟ سەن ئادەتتە ھەر ئىككى تىلنى ياخشى سۆزلەيسەنغۇ! قورققۇدەك ھېچ ئىش يوق، بارغىن، — دېدى ۋە مېنى يېتىلەپ، چېدىردىن ئېلىپ چىقتى. دوستلىرىم يەنە ئەگىشىۋالدى.

كۆتۈۋېلىش چېدىرىدا مېھمانلار ئولتۇراتتى. قازاندا شورپا قايناۋاتقان بولۇپ، چېدىرغا ئادەم لىق تولغانىدى. كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى قىمىز ئىچىۋاتاتتى. تاغ باغرىدىن كەلگەن مال دوختۇرى ئاقساقاللار بىلەن بىللە ئولتۇراتتى. ئۇ مېنى يېنىغا چاقىرىپ، كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:

— ئىسمىڭ نېمە؟ — دەپ سورىدى. ئۇ يەنە بېشىمنى سىلاپ تۇرۇپ، — سەن ئۇلاردىن بۇ ئاتنىڭ قانداق ئۆلگەنلىكىنى سوراپ باققىن، — دېگەچ، بىر ۋاراق قەغەزنى ئېلىپ خاتىرىلىمەكچى بولدى.

كىشىلەرنىڭ ھەممىسى تىنچلىنىپ، مېنىڭ گەپ قىلىشىمنى كۈتۈپ تۇراتتى. موماممۇ ماڭا ئەندىشە بىلەن قاراپ تۇراتتى. بۇ چاغدا بىزنىڭ بىر تۇغقىنىمىز مېنى كۆتۈرۈپ، تىزىغا ئولتۇرغۇزۇپ قۇلىقىمغا قەتئىي تەلەپپۇزدا:

— بۇ ئادەم سېنىڭ داداڭنى تونۇيدۇ. ئۇ داداڭغا سېنىڭ قىرغىزلارنىڭ ئارىسىدا يامان ئادەتلەرنى ئۆگەنگەنلىكىڭنى ئېيتسا— قانداق بولىدۇ؟ — دېدى. ئۇ ئارقىدىنلا كۆپچىلىككە:

— ئۇ ھازىر گەپ قىلىدىغان بولدى، سەن مېھمانغا بۇ يەرنىڭ ئىسمىنى «ئۇۋسازلىق» دېگىن، — دېدى.

— تاغا، — مەن قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، — بۇ يەرنىڭ ئىسمى «ئۇۋسازلىق»، مەنىسى بولسا، زەھەرلىك يايلاق، — دېدىم.

مەن مومام، مېھمان ۋە يايلاقتىكى بارلىق ئادەملەرنىڭ چىرايىدىن ماڭا بولغان مەمنۇنلۇق ھېسسىياتىنى كۆرۈپ، تېخىمۇ يۈرەكلىك بولۇپ كەتتىم. شۇ قېتىم بىر سۆز، بىر جۈملىدىن تەرجىمە قىلدىم. مەن بۇنى مەڭگۈ ئېسىمدە ساقلايمەن.

ئات ئەسلىدە چۆپتىن زەھەرلىنىپ ئۆلگەنىدى. ھېلىقى مېھمان باشقا ئاتلارنىڭ نېمىشقا بۇ زەھەرلىك چۆپنى يېمەيدىغانلىقىنى سورىدى. ئات باقارلار يەرلىك ئاتلارنىڭ بۇ خىل چۆپنىڭ زەھەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە، يېمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن بۇ ئەھۋالنى بىرمۇبىر تەرجىمە قىلدىم.

مېھمان مېنى ماختاپ كەتتى. ئاقساقاللار مېنى مۇكاپاتلاپ، يوغان بىر پارچە قوي گۆشى بەردى. مەن خۇشال ھالدا چېدىردىن يۈگۈرۈپ چىقتىم. دوستلىرىمنىڭ ھەممىسى مېنى ئورىۋالدى.

— قالتىسكەنسەن! سەن رۇسچىنى بەكمۇ راۋان سۆزلەيدىكەنسەن، — دېدى ئۇلار ماڭا قايىل بولغان ھالدا.

ئەمەلىيەتتە، مەن دۇدۇقلاپ يۈرۈپ ئاران تەرجىمە قىلغانىدىم. بىراق، دوستلىرىم مېنى ماختاپ ئۇچۇرۇۋەتتى. بىز دەرھال گۆشنى بۆلۈشۈپ يەپ بولۇپ، ئويۇنغىلى كەتتۇق.

ئەدەبىي ھاياتىمدا بۇ ئىشنى تىلغا ئېلىش ئەرزىمدۇ؟ مېنىڭچە، ئەرزىيدۇ. بەزىلەر ئۆزىنىڭ ئۈچ ياش ۋاقتىدىكى ئىشلىرىنى ئەسلىيەلەيدۇ، بەزىلەر پەقەت ئون ياش ۋاقتىدىكى ئىشلىرىنى ئەسلىيەلەيدۇ. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ زور ئەھمىيىتى بارلىقىغا ئىشىنىمەن. مەسىلەن، مەن بالىلىق دەۋرىمدە بېشىمدىن ئۆتكۈزگەن بۇ ئىش، ئەنە شۇنداق ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ ئىشتىن كېيىن مومام مەندىن رازى بولۇپ، تونۇشلىرىغا ئىنتايىن ئىپتىخارلىق ھېسسىياتى بىلەن سۆزلەپ بەرگەنىكەن.



كۆنۈكمە

1. تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.

1) چىڭغىز ئايتماتوف بەش ياش ۋاقتىدىكى بىر ئىشنى ئەسلىمە قىلىپ يازغان. ئاشۇ ئىشنى ئەسلىمە قىلىپ، يېزىشنىڭ ئەھمىيىتى نەدە؟

2) ئايتماتوف تۇنجى قېتىم تەرجىمانلىق قىلىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىنغاندا ئىزا تارتىپ ھەم قورقۇپ، مومىسىنىڭ قېشىغا قېچىپ بېرىۋالىدۇ. مومىسى ئۇنىڭغا نېمە دەيدۇ؟

3) ئاراڭلاردا ھازىرغىچە بىرەر كىشىگە «تەرجىمان»لىق قىلىپ باققانلار بارمۇ؟ ئىنسانلار باشقا تىللارنى پەقەتلا تەرجىمانلىق قىلىش ئۈچۈن ئۆگىنەمدۇ؟

4) سىلەر باشقا تىللارنى نېمە ئۈچۈن ئۆگىنىسىلەر؟

2. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى لۇغەتتىن تېپىپ، «لۇغىتىم»گە يېزىڭلار ۋە بىردىن جۈملە تۈزۈڭلار.



زەھەرلىك، چېدىر، قىمىز، مەمنۇنلۇق، قەلەم ھەققى،

ئىنئام، كېلىشمەسلىك، يات، ماختا-، ئىپتىخارلىق




3. سىلەرنىڭ ساۋاقداشلىرىڭلار بىلەن ئورتاقلىششىنى خالايدىغان قانداق باللىق ئەسلىمىلىرىڭلار بار؟

4. تېكستكە ئىككى پەرقلىق ماۋزۇ قويۇڭلار.



بىلىۋالاي

چىڭغىز ئايتماتوف



چىڭغىز ئايتماتوف (1928-2014) ھازىرقى زامان قىرغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ بۈيۈك سىماسى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى 20-ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىكى قىرغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىنى يارىتىپلا قالماستىن، تۈرك خەلقلىرى ئەدەبىياتى، شۇنىڭدەك دۇنيا ئەدەبىياتىدىمۇ بەلگىلىك تەسىر پەيدا قىلغان.

چىڭغىز ئايتماتوف 1928-يىلى قىرغىزىستاندا تۇغۇلغان. 1950-يىللاردىن كېيىن ئۇ پۈتكۈل سوۋېت ئىتتىپاقى ئەدەبىياتىدا بىر مىللىي يازغۇچى سۈپىتىدە تونۇلۇشقا باشلىغان. ئۇنىڭ رومان، پوۋېست ۋە ھېكايە ژانىرىدا يېزىلغان ئەدەبىي ئەسەرلىرى يۈز يەتمىشتىن ئارتۇق تىلغا تەرجىمە قىلىنىپ، خەلقئارا زور تەسىر قوزغىغان. چىڭغىز ئايتماتوفنىڭ كۆپ قىسىم ئەسەرلىرى 1980-يىللاردىن كېيىن، ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، نەشر قىلىنغان، شۇنداقلا ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرى ئەڭ ياقتۇرۇپ ئوقۇيدىغان ئەدەبىي ئەسەرلەرگە ئايلانغان. مەسىلەن: «ئايتماتوف ئەسەرلىرىدىن تاللانما»، «ئاق پاراخوت»، «ئەسىردىن ھالقىغان بىر كۈن»، «قىيامەت»، «ئالا ئىت قىياسى» قاتارلىقلار.

12 - دەرس: ئۇيغۇر تىلى بىلىملىرى: جۈملە بۆلەكلىرى ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى (1)

1) جۈملە بۆلەكلىرى دېگەن نېمە؟

جۈملىدە ئۆز ئالدىغا بەلگىلىك ۋەزىپە ئۆتەپ كەلگەن سۆز ياكى سۆز بىرىكمىلىرى جۈملە بۆلەكلىرى دېيىلىدۇ.

2) جۈملە بۆلەكلىرىنىڭ تۈرلىرى

جۈملە بۆلەكلىرى جۈملىدە ئۆتىگەن ۋەزىپىسى ياكى ئوينىغان رولىغا ئاساسەن، باش بۆلەك ۋە ئەگەشمە بۆلەك دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

باش بۆلەك: جۈملە تۈزۈلۈشكە ئاساس بولىدىغان، پىكىرنى ئىپادىلەشتە باش رول ئوينايدىغان بۆلەكلەرنى كۆرسىتىدۇ.

ئىگە بىلەن خەۋەر جۈملىنىڭ باش بۆلەكلىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا باش بۆلەكسىز، بولۇپمۇ خەۋەرسىز جۈملە تۈزۈش مۇمكىن ئەمەس. مەسىلەن:

مەن مەكتەپكە ماڭدىم.

بۇ جۈملىدىكى «مەن» — ئىگە؛ «ماڭدىم» — خەۋەر.

ئالىمنىڭ بويى بەك ئېگىز.

بۇ جۈملىدىكى «ئالىمنىڭ بويى» — ئىگە؛ «ئېگىز» — خەۋەر.

ئۇيغۇر تىلىنىڭ گىراماتىكىلىق قائىدىسىگە مۇۋاپىق قىلىپ تۈزۈلگەن جۈملىلەردە، خەۋەر جۈملىنىڭ ئاخىرىدا كېلىدۇ. لېكىن، شېئىرلاردا، قاپىيە ياكى ئۇرغۇ ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ، قائىدىسىز جۈملە تۈزۈلگەندە، بۇ تەرتىپ ئۆزگىرىدىغان ئەھۋاللارمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

ئۇنتۇمايمەن ئاشۇ باھار پەسلىنى،

گۈل-چېچەكلىك گۈزەل باغلارنى.

ئەگەشمە بۆلەك: جۈملىنىڭ باش بۆلەكلىرىگە ياندىشىپ كېلىپ، مەزمۇننى تولۇقلاش، كېڭەيتىش، كونكرېتلاشتۇرۇش رولىنى ئوينايدىغان بۆلەكلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر پۈتۈن بۆلەكلىرى تولۇق بولغان بىر جۈملە بولسا، ئۇنىڭدا ئەگەشمە بۆلەك سۈپىتىدە تولدۇرغۇچى، ئېنىقلىغۇچى ۋە ھالەت ئىسىملىك ئەگەشمە بۆلەكلەر ئورۇن ئالىدۇ.



مەشىق باغچىسى

1. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ چىقىڭلار ۋە خاتا ئىشلىتىلگەن قوشۇمچە، سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسىنى تېپىپ چىقىپ، تۈزىتىپ يېزىڭلار.

1) بۈگۈن كەچتىكى كۆڭۈل ئېچىشقا مۇئەللىم، ساۋاقداشلار قاتارلىق 43 كىشى يىغىنغا قاتناشتى.

2) ئالىم بىلەن مۇرات ئۆز ئۆيلىرىدە بىرلىكتە مۇزاكىرە قىلىدىغان بولۇپ كېلىشىشتى.

3) ۋاقىتنى بىكار ئۆتكۈزىدىغان ئادەملەر، خاپىلىقنى ئالىدىغان قاچا تاپالماي، ئىچى تىتىلدايدۇ.

4) دەرسكە كۈندە كېچىكىپ قېلىۋېرىپ، ئوقۇتقۇچى ۋە بالىلار ئالدىدا يۈزۈم ئەجەب تاتىرىپ كەتتى.

2. مۇۋاپىق سۆزلەرنى تاللاپ، بوش ئورۇنلارغا يېزىڭلار.

كۆڭۈل قويۇپ	جىمجىت	يېڭىباشتىن	ھۆپپىدە	تەمكىن بولۇش

1) باھار پەسلىدە باغدا خىلمۇخىل گۈللەر ________ ئېچىلىپ كەتتى.

2) ئەركىن خەتلىرىنىڭ رەتسىز بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، _______ يېزىش قارارىغا كەلدى.

3) يېرىم كېچە، ئەتراپ __________ ئىدى.

4) بىرەر قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەندە، چوقۇم _________ كېرەك.

5) مۇئەللىم بىزگە: « دەرسنى __________ ئاڭلاڭلار» دېدى.

3. تۆۋەندىكى جۈملىلەردىن ئىگە بىلەن خەۋەرنى تېپىڭلار.

1) ئوقۇتقۇچىمىز بىزنى بەك ياخشى كۆرىدۇ.

2) بۈگۈن مەكتەپكە سەل كېچىكىپ قالدىم.

3) مېنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان تامىقىم لەڭمەن.

4) غۇلجىنىڭ مەنزىرىسى بەك گۈزەل.

5) ئادىل تاپشۇرۇقلىرىنى ۋاقتىدا ئىشلەيدۇ.

4. تېپىشماقلارنى تېپىڭلار.

1) بۇگۈن تۇرسا كۆكىرىپ،
ئەتە تۇرار سارغىيىپ.
تەمى ئۇنىڭ ناۋاتتەك،
قالار ئاغزىڭدا ئېرىپ.



2) ئاجايىپ ئەلچى بار،
پۇتسىز مېڭىپ كېتىدۇ.
قۇلىقىغا سۆزۈڭنى –
دېسەڭ ئېلىپ كېتىدۇ.

ئەقلىيە سۆزلەر



بىر پىكىر، ئىدىيە ياكى ھېسسىياتنى ئىخچام قىلىپ ئىپادىلەيدىغان جۈملىلەردۇر. ئەقلىيە سۆزلەر ئادەتتە توغرىلىقى ۋە مۇھىملىقى خەلق تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆز-جۈملىلەر بولۇپ، ماقال-تەمسىللەردىن پەرقى، كىمگە ئائىت ئىكەنلىكىنىڭ ئېنىق بولغانلىقىدا.

5. تۆۋەندىكى ئەقلىيە سۆزلەرنى يېشىپ چۈشەندۈرۈڭلار ۋە يادلىۋېلىڭلار.

ئەقىل قايدا بولسا، ئۇلۇغلۇق بولۇر،
بىلىم كىمدە بولسا، بۈيۈكلۈك تاپۇر.

(يۈسۈپ خاس ھاجىپ)

ئادەم ھايالىق ۋە ئەدەپلىك بولسا، ھۆرمەت كۆرىدۇ. (ئەلشىر نەۋايى)


ئۈمىد — پىلنىڭ جىسمىنى پەيدەك ئۇچۇرىدىغان قانات. ئۈمىدسىزلىك — قىيامەتتۇر ...

(ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن)

ئىنسان دۇنياغا ياشىغىلى تۇغۇلمايدۇ، ياراتقىلى تۇغۇلىدۇ. بىر كىسەك ياراتساڭمۇ ئىنسانسەن. بىر كۆچەت تىكسەڭمۇ ئىنسانسەن. لېكىن باشقىلارنىڭ ياراتقىنىنى بىكار يېتىپ يەۋەرسەڭ، يايرىغان، سەمرىگەن، نام ئاتاق تاپقان ھايۋانسەن. (زوردۇن سابىر)

6. تۆۋەندىكى تېكستنى ئوقۇپ، چۈشەنچەڭلارنى سۆزلەپ بېرىڭلار.

پىروفېسسور دوكتور راھىلە داۋۇت ۋە ئۇنىڭ «ئۇيغۇر مازارلىرى» ناملىق كىتابى



راھىلە داۋۇت فولكلور ساھەسىدە دوكتور ئۇنۋانى ئالغان بىر زىيالىي. ئۇ ۋەتىنىمىزدە 2018-يىلى تۇتقۇن قىلىنغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن ۋە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغان پىروفېسسور. ئۇ نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلارنى يېتىشتۈرگەن، شۇنداقلا خىتاي، ئەنگلىيە، فىرانسىيە، گېرمانىيە، ئامېرىكا، ئاۋستىرىيە، دانىيە، ياپونىيە، قازاقىستان، قىرغىزىستان ۋە تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە ئىلمىي دوكلاتلارنى بېرىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيا مەدەنىيەت ساھەسىدە تۇتقان مۇھىم ئورنىنى ئىلمىي ئاساستا يورۇتۇپ بەرگەن.

راھىلە مۇئەللىمنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرى ئۇيغۇرچە، ئىنگلىزچە، خىتايچە تىللاردا نەشر قىلىنغان. بەزى ماقالىلىرى نوپۇزلۇق خەلقئارالىق ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان.

«ئۇيغۇر مازارلىرى» ئىسىملىك كىتاب، راھىلە ئۇستازنىڭ دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيەسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇ كىتابقا خەلق تەرىپىدىن تاۋاپ قىلىنىۋاتقان، مۇھىم كىشىلەرگە ئائىت يەتمىش سەككىز مازارنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشى كىرگۈزۈلگەن. ھەر بىر مازارنى تونۇشتۇرغاندا ئۇنىڭ ئورنىنى، رەسىمىنى، مۇناسىۋەتلىك ئەپسانە رىۋايەتلەرنى قوشۇپ كىرگۈزگەن. شۇنداقلا مازاردىكى كىشى ھەققىدىمۇ مۇھىم تارىخىي ئۇچۇرلارنى بەرگەن.

«ئۇيغۇر مازارلىرى» — ۋەتەن زېمىنىنىڭ قەدىمدىن بېرى بىزگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغان ناھايىتى مۇھىم بىر ئىلمىي ئەسەردۇر. شۇڭا، بۇ ئەسەرنى «ۋەتىنىمىزنىڭ يەر خېتى» دەپ ئاتاشقىمۇ بولىدۇ.



پىروفېسسور دوكتور راھىلە داۋۇتنىڭ دالا تەتقىقاتى قىلىۋاتقاندىكى رەسىمى

سالام خەت

ئەجدادلىرىمىز قەدىمكى دەۋرلەردىمۇ بىر-بىرىگە سالام خەتلەر يېزىشقان بولۇپ، 200 دىن ئارتۇق مەكتۇپ بۈگۈنكى كۈنگىچە يېتىپ كەلگەن.

سالام خەت يېقىنلىرىمىزغا ئۆز ئەھۋالىمىزنى ياكى مۇھىم ئىشلارنى بىلدۈرۈش، ھېس-تۇيغۇلىرىمىزنى ئىپادىلەش، بەزى ئۇچۇرلار ياكى مەسىلىلەر ھەققىدە پىكىرلىشىش ئۈچۈن يېزىلىدۇ. سالام خەتنى يېزىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن پاكىز بىر ئاق قەغەزنى ياكى سىزىقلىق قەغەزنى تەييار قىلىمىز. قەغەزنىڭ ئەڭ ئۈستىگە كىمگە يازغان بولساق، شۇنىڭ ئىسمىنى ياكى ئۆزىمىز ئادەتلەنگەن خىتاب سۆزىنى يازىمىز. ئاندىن قىسقىچە ئەھۋال سورايمىز. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆز ئەھۋالىمىز ھەققىدە قىسقىچە توختىلىمىز. شۇنىڭدەك سالام خەتنى يېزىشتىكى مەقسىتىمىزنى ۋە مۇھىم ئۇچۇرلارنى يازىمىز. ئاخىرىدا تىلەكلىرىمىزنى يازىمىز. ئەڭ ئاخىرىدا ئىسمىمىزنى ۋە سالام خەت يېزىلغان چېسلانى يازىمىز.

يازغان سالام خېتىمىزنى لىپاپىغا سېلىپ، پوچتىدىن ئەۋەتسەك بولىدۇ. لىپاپىنىڭ سىرتىدىكى «تاپشۇرۇپ ئالغۇچى» دېگەن بۆلۈمگە قارشى تەرەپنىڭ ئىسىم-فامىلىسى، ئېنىق ئادرېسى، پوچتا نومۇرى، تېلېفون نومۇرى قاتارلىقلارنى يازىمىز. «ئەۋەتكۈچى» دېگەن بۆلۈمگە ئۆزىمىزنىڭ يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش ئۇچۇرلىرىنى يازىمىز.

7. پروفېسسور دوكتور راھىلە داۋۇتقا بىر پارچە سالام خەت يېزىڭلار. يېزىشتىن بۇرۇن تۆۋەندىكى تەرتىپنى تولدۇرۇڭلار.



كىمگە يازدىڭىز:

ھال-ئەھۋالىنى سوراڭ:

ئۆز ئەھۋالىڭىزنى بىلدۈرۈڭ:

نېمە سەۋەبتىن يازدىڭىز:

ئىسىم-فامىلىڭىز:

چېسلا:

سالام خەت

ھۆرمەتلىك ....

____

____

____

سىزنى سېغىنىپ / ھۆرمەت بىلەن: ______________ دىن

_____ -يىلى __-ئاينىڭ __-كۈنى

تۆتىنچى بۆلەك

پەن ـ تېخنىكا ۋە بىز

دەرسكە تەييارلىق

- پەن-تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى ھاياتىمىزغا قانداق تەسىر قىلىدۇ؟
- بۈرۈنقى كىشىلەر قانداق ئالاقە قىلاتتى؟



13- دەرس: ئۇچۇر ۋە ئالاقىنىڭ تەرەققىياتى

1. بوتۇلكىغا سېلىنغان خەت

بىلەمسىز، بىپايان دېڭىزدا لەيلەپ يۈرگەن بوتۇلكىمۇ «خەۋەرچى»لىك رولىنى ئوينىغان. كولۇمبۇ 1492-يىلى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنى باشلاپ، ئامېرىكا قىتئەسىدىكى كىچىك بىر ئارالغا بارغان. ئۇلار خېلى كۆپ تەكشۈرگەندىن كېيىن، 1493-يىلى ياۋروپاغا قايتىش سەپىرىگە ئاتلانغان. يولغا چىقىش ئالدىدا، ئۇ ئۆزى چۈشكەن يەلكەنلىك كېمىنىڭ ئىسپانىيەگە يېتىپ بارالماسلىقىدىن ئەنسىرەپ، ئىسپانىيەنىڭ ئايال پادىشاھىغا بىر پارچە خەت يېزىپ، ئۇنى ئۆزى سىزغان ئامېرىكا خەرىتىسى بىلەن قوشۇپ، بىر بوتۇلكىغا سېلىپ، بوتۇلكىنىڭ ئېغىزىنى ھىملەپ، ئاتلانتىك ئوكيانىغا تاشلاپ، بوتۇلكىنىڭ لەيلەپ ئىسپانىيەگە يېتىپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلغان. كىم بىلسۇن، بۇ بوتۇلكا دېڭىزدا تۇپتوغرا 300 نەچچە يىل لەيلەپ، 19- ئەسىرنىڭ 5-يىللىرى ئاندىن بايقالغان. بۇ خەت يەتكۈزۈلۈش ۋاقتىنىڭ ئۇزۇنغا

سوزۇلغانلىقى جەھەتتە «دۇنيا بويىچە ئەڭ»لەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

2. ئىنتېرنېت تورى دۇنيانى جەم قىلدى

قەدىمكى چاغلاردا كىشىلەر يىراقتىكى ئۇرۇق-تۇغقان، دوست-يارەنلىرىگە سالام يوللىماقچى بولسا، كۆپىنچە ئاتلىق پوچتىكەشلەرگە تايىناتتى. يېقىنقى دەۋرگە كەلگەندە، پويىز، پاراخوت، ئايروپىلان قاتارلىق قاتناش قوراللىرى بارلىققا كېلىپ، دۇنيادا پوچتا سىستېمىسى بەرپا بولدى. خەت-چەك، گېزىت-ژۇرناللارنى بۇ قاتناش قوراللىرى ئارقىلىق دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا توشۇغىلى بولىدىغان بولدى. 19-ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىدا ئامېرىكالىق كەشپىياتچى مورس (1781-1871) تېلېگراممىنى كەشپ قىلدى. كېيىن، شوتلاندىيەلىك كەشپىياتچى بېل (1847-1922) تېلېفوننى كەشپ قىلدى. تېلېگرامما ۋە تېلېفوننىڭ مەيدانغا كېلىشى، خەت-ئالاقىنى ئىلگىرىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ قولايلاشتۇردى ۋە تېزلەشتۈردى.



1943- يىلى تۇنجى كومپيۇتېر دۇنياغا كەلدى ۋە تېزلا ئومۇملىششقا باشلىدى. 1993-يىلىدىن كېيىن «تېز سۈرئەتلىك ئۇچۇر يولى» بەرپا قىلىنىپ، پۈتۈن دۇنيادىكى كومپيۇتېرلار تورلاشتۇرۇلدى. كىشىلەر ھەرقانداق ۋاقىتتا ھەرقانداق جايدىن كەلگەن يېزىق، ئاۋاز ۋە سۈرەتلەرنى قوبۇل قىلالايدىغان بولدى. ھازىر، ئۆيىڭىزدىكى كومپيۇتېر ئالدىدا ئولتۇرۇپ، چاشقىنەكنى يەڭگىل چەكسىڭىز، سىز ئەۋەتكەن ئېلېكترونلۇق ئاتكرىتكىنى 10 مىڭ كىلومېتىر يىراقلىقتىكى دوستىڭىز كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە تاپشۇرۇۋالالايدۇ. ئىنتېرنېت تورى پۈتۈن دۇنيانى جەم قىلدى.

كۆنۈكمە

1. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى ئاۋۋال پەرەز قىلىڭلار، ئاندىن لۇغەتتىكى مەنىسى بىلەن سېلىشتۇرۇڭلار. ئاخىرىدا «لۇغىتىم»گە يېزىڭلار. ئەڭ ئاخىرىدا بىردىن جۈملە تۈزۈڭلار.



بىپايان، ئېكسپېدىتسىيە، ئاتكرىتكا، سىستېما،

پوچتىكەش، كەشپ قىل-، يەڭگىل، جەم قىل-،



2. تېكستكە ئاساسەن تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.

1) 1- تېكستتىكى كولومبو خەت بىلەن خەرىتىنى نېمىشقا بوتۇلكىغا سېلىپ، ئاتلانتىك ئوكيانغا تاشلايدۇ؟

2) نېمە ئۈچۈن « ئىنتېرنېت تورى دۇنيانى جەم قىلدى» دەيمىز؟

3) ئۇچۇر-ئالاقىنىڭ تۇرمۇشىمىزدىكى رولى نېمە؟

4) هازىر كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا قانداق ئۇچۇر-ئالاقە ۋاستىلىرىنى ئىشلىتىمىز؟

3. ھەممەيلەن بىرلىكتە «ئۇچۇر تۇرمۇشىمىزنى ئۆزگەرتمەكتە» تېمىلىق پائالىيەت تەييارلايلى.



پائالىيەت تەكلىپى

قەدىمدىن هازىرغىچە، كىشىلەر ئۇچۇرلىشىش ئۈسۇللىرىنى ئۈزلۈكسىز يېڭىلاپ ۋە ياخشىلاپ كەلدى. بىز بەزى پائالىيەتلەرنى تاللاپ قانات يايدۇرۇپ، ئۇچۇر يەتكۈزۈش ئۇسۇللىرىدىكى تەرەققىياتنى، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ تۇرمۇشىمىزغا بولغان تەسىرىنى چۈشىنىپ باقايلى.

- ◄ **«ئوقۇش ماتېرىيالى»دىكى ماقالىلەرنى ئەستايىدىل ئوقۇپ، مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى توپلاپ، هازىرقى جەمئىيەتتە قانداق ئۇچۇر يەتكۈزۈش ئۇسۇللىرى بارلىقىنى ھەمدە بۇرۇنقى ئۇچۇر يەتكۈزۈش ئۇسۇللىرى بىلەن قانداق ئوخشىماسلىقلارنىڭ بارلىقىنى ئىگىلەپ، ئاندىن ساۋاقداشلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇڭلار.**
- ◄ **ئائىلە ئەزالىرىنىڭ بىر كۈن ئىچىدە قايسى يوللار بىلەن قانداق ئۇچۇرلارغا ئېرىشكەنلىكىنى تەكشۈرۈپ خاتىرىلەڭلار. ئاندىن، خاتىرىگە ئاساسەن قانداق بايقاشلارغا ئېرىشەلەيدىغانلىقىڭلارنى تەھلىل قىلىپ كۆرۈڭلار.**
- ◄ **بىز دائىم تېلېۋىزور ياكى توردىن ئۇچۇرلارغا ئېرىشىمىز. بىراق بۇ ۋاستىلەردىن لايىقىدا پايدىلانمىساق، بەزى ناچار ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. قانداق قىلغاندا تېلېۋىزور، تور قاتارلىق ۋاستىلەردىن توغرا پايدىلانغىلى بولىدۇ، دېگەن مەسىلە ئۈستىدە مۇھاكىمە ياكى مۇنازىرە ئېلىپ بېرىڭلار.**

14-دەرس: ئۆسۈملۈك ئارقىلىق يانفوننى زەرەتلىگىلى بولامدۇ؟

تەرجىمە قىلغۇچى: مۇنەۋۋەر ئېزىز

ئەگەر يولدا كېتىۋېتىپ، دوستىڭىزغا تېلېفون قىلغۇڭىز ياكى ئۈچۈر يوللىغۇڭىز كەلگەندە، يانفونىڭىزدا توك قالمىغان بولسا، قانداق قىلىسىز؟ ئەمەلىيەتتە بۇ نۇرغۇن كىشىلەر دۇچ كېلىدىغان ئەھۋال. ھازىر بىز ئىشلىتىۋاتقان يانفوننىڭ نورمال ئەھۋالدا توك ساقلىنىش ۋاقتى 24 سائەتتىن ئېشىپ كەتمەيدۇ. شۇڭا توختىماي زەرەتلەشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇنداقتا، ئەتراپىمىزدىكى ئۆسۈملۈكلەر ئارقىلىق زەرەتلىگىلى بولامدۇ؟ چىلىدىكى ئۈچ نەپەر ئوقۇغۇچى بىزگە ئۈمىد يولىنى ئېچىپ بەردى. ئۇلار ئۈچ يىللىق جاپالىق تىرىشىش ئارقىلىق «E-kaia» دەپ ئاتىلىدىغان ئۆسۈملۈك يانفون زەرەتلىگۈچىنى تەتقىق قىلىپ، ياساپ چىققان.

«E-kaia» ئەپچىل زەرەتلىگۈچنىڭ بىر ئۇچى usb ئۇلاش ئېغىزى بولۇپ، يانفونغا ئۇلاپ زەرەتلىگىلى بولىدۇ. يەنە بىر ئۇچى تەشتەكتىكى توپىغا سانجىپ كىرگۈزۈلىدۇ. نۆۋەتتە بۇ زەرەتلىگۈچ بەش ۋولت يەنى 600 مىللىئامپېر توك چىقىرالايدىغان بولغاچقا، يانفوننى پەقەت بىر يېرىم سائەتتىلا زەرەتلەپ بولىدىكەن.

«E-kaia» بولسا، تۇپراقتىكى ئەركىن ئېيون ئېلېكتروندىن پايدىلىنىپ يانفوننى زەرەتلەيدۇ. ھەممىگە مەلۇم، ئۆسۈملۈك مۇرەككەپ بولغان فوتوسىنتېز رولى ئارقىلىق ئېنېرگىيەگە ئېرىشىدۇ. ئۆسۈملۈك تېنىدىكى خلوروفىل (يېشىللىق ماددىسى) بىلەن يورۇقلۇق، ھاۋادىكى كاربون دىئوكسىد، ئۇنىڭدىن باشقا، ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزىدىن سۈمۈرگەن سۇ تەركىبى ھەمدە ئۆسۈملۈك ئەتراپىدىكى مەلۇم بىر قىسىم مىكرو ئورگانىزملارنىڭ ئۆزئارا تەسىر قىلىشى، كۆپلىگەن خىمىيەلىك رېئاكسىيە ۋە بىيولوگىيەلىك ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلىدۇ. بۇ ئېنېرگىيەنىڭ يۆتكىلىش جەريانىدا، ئۆسۈملۈك تېنى ئىچىدىكى سۇ تەركىبى ئوكسىگېننى ئاجرىتىپ چىقىرىپ، پروتون ۋە ئېلېكتروننى قويۇپ بېرىدۇ. «E-kaia» نىڭ ئىچىدە بىر بىيولوگىيەلىك توك يولى تاختىسى بولۇپ، ئېلېكتىر قۇتۇپى ئارقىلىق ئۆسۈملۈك ئىشلىتەلمەيدىغان ئېلېكتروننى توپلاپ، پايدىلانغىلى بولىدىغان ئېلېكترنى ئېنېرگىيە قىلىپ زاپاس ساقلايدۇ. چۈنكى توپلىغان ئېلېكترون بولسا، ئۆسۈملۈكلەر لازىم قىلمايدىغان بولغاچقا، ئۆسۈملۈكنىڭ ئۆسۈشىگە ھېچقانداق يامان تەسىر قىلمايدۇ. شۇڭا «E-kaia»بولسا، ناھايىتى ياخشى بولغان بىر خىل ئېنېرگىيە مەھسۇلاتى.

«E-kaia» نىڭ كەشپىياتچىلىرى يەنە ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۆسۈملۈك ئارقىلىق توك سەرپىياتى يۇقىرى بولغان كومپيۇتېر، تېلېۋىزور ياكى جەددىي يورۇتۇش چىرىغىنى زەرەتلەشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى پىلانلىغان بولۇپ، ئەگەر مۇمكىن بولسا، ئۇلار كەلگۈسىدىكى ئائىلىدە ئىشلىتىلىدىغان ئېلېكتىر ئۈسكۈنىلىرىنىڭ توك مەنبەسىنىڭ قورۇلاردىكى بىر تۈپ دەرەخ بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلماقتا.



كۆنۈكمە

1. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى ئاۋۋال پەرەز قىلىڭلار، ئاندىن لۇغەتتىكى مەنىسى بىلەن سېلىشتۇرۇڭلار. ئاخىرىدا «لۇغىتىم»گە يېزىڭلار. ئەڭ ئاخىرىدا بىردىن جۈملە تۈزۈڭلار.



دۇچ كەل-، زەرەتلە-، مىكرو، زاپاس،

تەسىر قىل-، سەرپىيات، قورۇ، ئېنېرگىيە

ئۆسۈملۈك، فوتوسىنتېز



2. تۆۋەندىكى ئىدىيومىلارنى مۇۋاپىق كەلگەن چۈشەندۈرۈشلىرى بىلەن تۇتاشتۇرۇڭلار.

1. كۆزنگە قارىماق	ــــ مەلۇم بىر تېما توغرىسىدا ئېيتقانلىرى تاسادىپىي ھالدا ھەقىقەتكە ئايلانماق
2. ئاغزىدىن سائەت چىقماق	ــــ قورقۇنچاق، جاسارەتسىز
3. توخۇ يۈرەك	ــــ ئەتىۋارلىماق، ناھايىتى قىممەتلىك بىر كىشى سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلماق

3. تۆۋەندىكىلەرنى تەلەپلەر بويىچە ئورۇنلاڭلار.

1) پەن-تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئەتراپىڭلاردىكى ئۆزگىرىشلەر ئارقىلىق چۈشەندۈرۈپ بېقىڭلار.

2) ئۆزئارا ئۇچۇرلىشىشنىڭ دەسلەپكى ھالەتتىن ھازىرغىچە بولغان دەۋرلەردىكى شەكىللىرىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

3) سىلەر قانداق ئۇچۇرلارغا قىزىقىسىلەر؟ بۇ ئۇچۇرلارغا قانداق ئېرىشىسىلەر؟

زىيارەت خاتىرىسى



كۆرگەنلىرىمىزنى ئەتراپلىق كۆزىتىپ، تەھلىل قىلغاندىن كېيىن ئۇچۇرلارنى يىغىنچاقلاپ ۋە ئاددىيلاشتۇرۇپ، مەلۇم بىر تېمىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان قىلىپ، بىر تېكىست يازساق، بۇنى «زىيارەت خاتىرىسى» دەيمىز.

4. «ئېلكىتاب» دېگەن ئاچقۇچ سۆزنى توردىن ئىزدەپ، تۆۋەندىكى جەدۋەلنى تولدۇرۇش ئارقىلىق بىر زىيارەت خاتىرىسى يېزىڭلار.

	زىيارەت خاتىرەمنىڭ تېمىسى
	زىيارەت خاتىرىسىنى يازغۇچىنىڭ ئىسىم-فامىلىسى (مېنىڭ ئىسىم-فامىلەم)
	تېپىلغان تور بەتلىرى
	تور بەتلىرىدىن زىيارەت قىلغانلىرىم
	دىققىتىمنى تارتقان مەزمۇنلار
	ياخشى كۆرگەن كىتابلىرىم
	ئوقۇپ باققانلىرىم
	كېيىن ئوقۇش ئۈچۈن خاتىرىلىۋالغانلىرىم (توردىن چۈشۈرۈۋالغانلىرىم)
	زىيارەت قىلغان تور بەتلىرى ھەققىدىكى باھا ۋە كۆزقاراشلىرىم
	تور بەت باشقۇرغۇچىسىغا تەۋسىيەلىرىم
	چېسلا

15-دەرس: سۈنئىي ئەقىل



سۈنئىي ئەقىلنى ئىزاھلاش ئۈچۈن ئالدى بىلەن «ئىدراك»نىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋېلىش كېرەك. ئەگەر بىز بىر رەسىمنى كۆرسەك، ھەر خىل رەڭلەر ۋە سىزىقلار كۆزىمىز ئارقىلىق مېڭىمىزگە يوللىنىدۇ. مېڭىمىز بۇ ئۇچۇرلارنى بۇرۇنقى ئۇچۇرلارغا ئاساسەن بىر مەنىگە ئىگە قىلىدۇ. بۇ مېڭە ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا، بىر ئۆگىنىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنداقلا بىزدە بۇ رەڭ ۋە سىزىقلارغا نىسبەتەن مەلۇم كۆز قاراش ۋە ھېس-تۇيغۇ بارلىققا كېلىدۇ. دېمەككى ئىدراك — ئىنسان مېڭىسىنىڭ تاشقىرىدىن كەلگەن سىگناللارنى چۈشىنىشى، بۇ چۈشىنىشنى بىر ئىنكاس سۈپىتىدە بىر ئۇچۇرغا ئايلاندۇرۇشى ۋە ئىشلىتىشىدۇر.

كومپيۇتېرنىڭ ئىجاد قىلىنىشى ۋە ئىنتېرنېت تورىنىڭ ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ، ئىنتېرنېت ئۇستەل كومپيۇتېرىدىن كۆچمە ئۈسكۈنىلەرگە يېتىپ كېلىپ، خالىغان جايدا ۋە خالىغان ۋاقىتتا تورغا چىقىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلدى. نەتىجىدە تورغا يوللىنىدىغان ئۇچۇرلارنىڭ مىقدارى ھەددىدىن تاشقىرى ئېشىپ كەتتى. بۇ ئەھۋال قىسقا ۋاقىت ئىچىدە غايەت زور ئۇچۇر ئامبىرىنى شەكىللەندۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىر كومپيۇتېر بۇ ئۇچۇرلارنى ئىدراك قىلىپ، ئىنسانغا ئوخشاش يەكۈن چىقىرالامدۇ؟ تەرەققىي قىلىپ، ئىنكاس قايتۇرالايدىغان، ھېس-تۇيغۇلىرى بولغان ۋە بۇنى ئىپادىلىيەلەيدىغان دەرىجىگە كېلەلەمدۇ؟ دېگەن مەسىلىلەر مۇشۇ ساھەدىكى ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ ئىزدىنىشلىرىنىڭ مۇھىم ھالقىسى (نۇقتىسى) بولۇپ قالدى.

ئىنسان مېڭىسىنىڭ ئىشلەش ئالاھىدىلىكى، كومپيۇتېرلارنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن چىقىش نۇقتىسى

بولدى. تەتقىقاتچىلار ماشىنا بىلەن ئىنسان مېڭىسى ئارىسىدىكى ئوخشاشلىق ۋە پەرقنى تەھلىل قىلدى. ماشىنىنىڭ ئىنسانغا ئوخشاش ئىدراك قىلىش قابىلىيىتىنى «سۈنئىي ئەقىل» نامى بىلەن ئاتىدى.

ئىنسانغا ئوخشاش ئويلىيالايدىغان ۋە ھېس-تۇيغۇلىرى بار بولغان ماشىنىلارنىڭ ئىجاد قىلىنىشىغا قاراپ ماڭغان يولدا، كومپيۇتېر ۋە ئۇنى مېڭە قىلغان ماشىنىلار قەدەممۇقەدەم يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. 1943-يىلى ئەنگلىيەلىك ئالىم، ماتېماتىك ئالان تۇرىڭ (1954-1912) «تۇرىڭ سىنىقى»نى كەشىپ قىلدى. بۇ سىناق سۈنئىي ئەقىلنى ئاساس قىلغان سوئال سوراش سىستېمىسى بولۇپ، كومپيۇتېرنىڭ ئىنسانغا ئوخشاش تەپەككۇر قىلالايدىغان ياكى قىلالمايدىغانلىقىنى بەلگىلەيتتى. بۇ سىناق ئۈچ نۇقتا، يەنى ئىككى ئادەم ۋە بىر كومپيۇتېرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. كىشىلەردىن بىرىنىڭ ۋەزىپىسى سوئال سوراش، يەنە بىرى بىلەن كومپيۇتېرنىڭ ۋەزىپىسى بولسا، بۇ سوئاللارغا جاۋاب بېرىش ئىدى. سوئال سورىغۇچى مەلۇم ئۆلچەم ۋە مەزمۇندا سوئال سورايتتى. مەلۇم ۋاقىت ۋە سوئاللاردىن كېيىن، زىيارەت قىلغۇچىلارنىڭ قايسىسىنىڭ ئادەم، قايسىسىنىڭ كومپيۇتېر ئىكەنلىكىگە قارار بېرىشى تەلەپ قىلىناتتى. سىناق كۆپ قېتىم تەكرارلىنىدىغان بولۇپ، ئەگەر كومپيۇتېر كەم دېگەندە 50% غەلىبە قىلسا، كومپيۇتېر «ئەقلىي ئىقتىدارلىق ماشىنا» دەپ ئاتىلاتتى.

تۇرىڭ ئەقلىي ئىقتىدارلىق ماشىنىلارغا مۇنداق دەپ ئېنىقلىما بەردى: «ناۋادا بىر ماشىنا ئىنسانلار بىلەن سۆزلىشەلىسە، شۇنداقلا بۇ جەرياندا ئۇنىڭ ماشىنىلىق سالاھىيىتىنى پەرقلەندۈرگىلى بولمىسا، ئۇنداقتا بۇ ماشىنا دەل ئەقلىي ئىقتىدارلىق ماشىنىغا تەۋە بولىدۇ». بۇ پىكىر سۈنئىي ئەقىلنىڭ ئىشلىتىلىشى ۋە ئەقىللىق ماشىنىلارنىڭ بارلىققا كېلىشى ئۈچۈن بىر باشلىنىش بولدى. 1956-يىلى جون مېككارسى ئامېرىكىدىكى دارتموس كومپيۇتېر چوڭ يىغىنىدا «سۈنئىي ئەقىل» دېگەن ئاتالغۇنى قوللاندى. شۇنىڭ بىلەن سۈنئىي ئەقىل دېگەن مەنىدە، ئىنگلىزچە artificial intelligence ۋە ئۇنىڭ قىسقارتىلمىسى سۈپىتىدە AI ئومۇملاشتى.

سۈنئىي ئەقىل — ماشىنا ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىنى دوراشنى كۆرسىتىدۇ. تېخىمۇ كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇ ئەمەلىيەتتە بىر خىل كومپيۇتېر سىستېمىسى بولۇپ، بۇ سىستېما ئۆگىنىش (ئۇچۇرغا ئېرىشىش ۋە قوللىنىش قائىدىسى)، يەكۈن-خۇلاسە چىقىرىش (بار بولغان قائىدىنى قوللىنىپ، ھۆكۈم-يەكۈن چىقىرىش) ۋە ئۆز-ئۆزىنى ئوڭشاشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سۈنئىي ئەقىل — خۇددى ئىنسانغا ئوخشاش ئەقىللىق ماشىنىلار بولۇپمۇ ئەقىللىق كومپيۇتېر پروگراممىلىرى ياساش ئىلمى ۋە ئىنژېنېرلىقىدۇر. ئۇ بىر كومپيۇتېرنىڭ پىكىر قىلىش، مەسىلىنى ھەل قىلىش، مەنە چىقىرىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش قاتارلىق ئىنسانغا ئوخشاش ئىش-ھەرىكەتنى قىلالىشى يەنى يۇقىرى سەۋىيەدىكى مەقسەتلىك ئىش بېجىرىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشىدۇر. ئۇ پەقەت ئالدىن تونۇلغان مەسىلىنى ھەل قىلىشنىلا ئەمەس، بەلكى مەۋجۇت مەلۇماتلارغا تايىنىپ، مەلۇم بىر مەسىلىنى ھەل قىلىشنى ۋە يېڭى ئەھۋالغا لايىقدا ئىنكاس قايتۇرۇشنى ئەمەلىيلەشتۈرىدۇ.

1950-يىللاردا كومپيۇتېرلارنىڭ سانلىق مەلۇماتلارنى ساقلاش ئىقتىدارى يوق ئىدى. پەقەتلا قاچىلانغان ياكى يۈكلەنگەن بۇيرۇقلارنى ئىجرا قىلاتتى. 1980-يىللار كومپيۇتېرلارنىڭ سانلىق مەلۇماتلارنى ساقلاش ۋە ئىشلەش ئالاھىدىلىكلىرىگە، سانلىق مەلۇماتلار ئارىسىدا مۇناسىۋەت قۇرۇش ئالاھىدىلىكىمۇ قوشۇلغان يىللاردۇر. 1990-يىللار بولسا، سۈنئىي ئەقىلنىڭ نۇرغۇن ساھەلەردىن پايدىلانغان ۋە بۇ ساھەلەرنىڭمۇ سۈنئىي ئەقىلدىن پايدىلانغان دەۋرىدۇر. بۇ دەۋردىكى كومپيۇتېر

«بىلىق» دەپ نام بېرىلگەن بىر رەسىمدىن پايدىلىنىپ، بۇرۇن بېلىق ھەققىدە بىر مەلۇماتقا ئىگە بولمىسىمۇ، بېلىقنى ئىپادىلەيدىغان سۆز ياكى شەكىللەرنى ئۆتتۈرىغا چىقارىدى. شۇنداقلا كېيىنكى قېتىمدا بىر بېلىقنىڭ رەسىمىنى تونۇيالىدى. 1997-يىلى ئاۋازنى تونۇيدىغان ئەپ ۋندوۋستا ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. 2001-يىلغا كەلگەندە ھېچقانداق مەسىلە، سۈنئىي ئەقىل ئۈچۈن قىيىن مەسىلە بولماي قالدى. بۇ يىلى خۇددى ئىنسانغا ئوخشاش ئىنسانلارنىڭ چىراي ئىپادىسىنى ئىشلىتەلەيدىغان، بوۋاققا ئوخشاش ئىجتىمائىي ئالاقە قىلالايدىغان، تەدرىجىي رەۋىشتە ئۆگىنەلەيدىغان ۋە ئاۋازى، يۈز ئىپادىسى ۋە باش ھەرىكىتىنى ئىنسانغا ئوخشاش ئىشلىتەلەيدىغان ماشىنا ئادەم بارلىققا كەلدى.

چوڭ سانلىق مەلۇمات دەۋرى بولغان بۈگۈنكى كۈندە، سۈنئىي ئەقىل قوللىنىشچان پىروگراممىلىرى تۇرمۇشىمىزدا ئۇنۇملۇك ئىشلىتىلىۋاتىدۇ. مەسىلەن: سىرىغا ئوخشاش شەخسىي ياردەمچىلەر، شوپۇرسىز ماشىنا، تىللارنى نەق مەيداندا تېز تەرجىمە قىلىش قوراللىرى، ئەقلىي مائارىپ باشقۇرۇش سىستېمىسى، مەۋھۇم دەرسخانا، بىمارلارنى ئىز قوغلاش سىستېمىسى، چىراي ۋە ئەندىزە تونۇش، ھەر ئۆسكۈنىلەرنى ئاپتوماتلاشتۇرۇش قاتارلىقلار. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، سۈنئىي ئەقىل تۇرمۇشىمىزنى مەلۇم جەھەتتىن ئاسانلاشتۇردى. بىز ئىنسانلار سۈنئىي ئەقىل ئارقىلىق يەر شارىنى تېخىمۇ ياخشى ھالەتكە ئېلىپ كېلەلەيمىز. مەسىلەن: دېڭىز-ئوكيانلاردىكى جانلىقلارنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغدىيالايمىز؛ يەر شارىنىڭ ئىسسىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئارقىلىق، قار-مۇزلارنىڭ ئېرىپ ئىنسانلارغا تەھدىت ئېلىپ كېلىشىنى توسۇپ قالالايمىز؛ ئورمانلاردا يۈز بېرىدىغان كەڭ كۆلەملىك ئوت ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئالالايمىز. شۇنداقلا دۇنيا مەدەنىيەت ۋە كۇلتۇرىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى بولغان، لېكىن ھازىر يوقىلىش خەۋپىگە دۇچ كېلىۋاتقان تىللارنى ۋە مىللەتلەرنى قوغداپ قالالايمىز.



كۆنۈكمە

1. تېكىستكە ئاساسەن تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.

1) «تۇرىڭ سىنىقى» نېمىنى سىناق قىلىدۇ؟

2) سۈنئىي ئەقىل دېگەن نېمە؟

3) بىز كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا سۈنئىي ئەقىلنى قايسى ساھەلەردە ئىشلىتىمىز؟

4) سىزنىڭچە سۈنئىي ئەقىلدىن پايدىلىنىپ، ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلىش مۇمكىن؟

2. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى ئاۋۋال پەرەز قىلىڭلار، ئاندىن لۇغەتتىكى مەنىسى بىلەن سېلىشتۇرۇڭلار. ئاخىرىدا «لۇغىتىم»گە يېزىڭلار. ئەڭ ئاخىرىدا بىردىن جۈملە تۈزۈڭلار.





تەپەككۇر قىلـ، ۋەزىپە، مەلۇم، فورمات، سىناق قىلـ،

ئىنىقلىما، سالاھىيەت، ئاتالغۇ، سۈنئىي ئەقىلدار

3. «ئاقىل ئۆيدە تۇرۇپ، جاھاننى بىلىپ تۇرار» دېگەن ماقالنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، ئۆيىمىزدە تۇرۇپلا قانداق نەرسىلەرنى ئۆگىنەلەيدىغانلىقىمىز ھەققىدە مۇزاكىرىلىشىڭلار.

4. تۆۋەندىكى ئىدىيوملارنى ئىشلىتىپ، جۈملە تۈزۈڭلار.

1) **ئۈلگە:** كومپيۇتېر تەرەققىي قىلىپ، كىشىلەرنىڭ دېگەن يېرىدىن چىقىدىغان بولدى.

دېگەن يېرىدىن چىقـ:

جۈملە:

2) **ئۈلگە:** ئاپامنىڭ دېگەن گەپلىرى، ئۇكامنىڭ ئۇ قۇلىقىدىن كىرىپ، بۇ قۇلىقىدىن چىقىپ كەتكەن بولسا كېرەك. بىر سائەتتىن بېرى كومپيۇتېردا ئويۇن ئويناۋاتىدۇ.

ئۇ قۇلىقىدىن كىرىپ بۇ قۇلىقىدىن چىقـ:

جۈملە:

3) **ئۈلگە:** ئىنگلىز تىلىنى خېلى ئوبدان ئۆگىنىپ قالدىم. شۇڭا يەنە بىر چەت ئەل تىلىنى ئۆگىنىشكە بەل باغلىدىم.

بەل باغلا:

جۈملە:

4) **ئۈلگە:** دوستۇم سۈنئىي ئەقىلدىن پايدىلىنىپ سىزغان رەسىمنى كۆرۈپ، قېتىپلا قالدى.

قېتىپ قالـ

جۈملە:

16- دەرس: ئۇيغۇر تىلى بىلىملىرى: جۈملە بۆلەكلىرى ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى (2)

ئەگەشمە بۆلەكلەر: تولدۇرغۇچى، ئېنىقلىغۇچى

1.تولدۇرغۇچى: تولدۇرغۇچىنىڭ گىراماتىكىلىق بەلگىسى ئىسىملارنىڭ چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى «- نى» بولۇپ، مۇشۇ قوشۇمچە بىلەن كەلگەن سۆز ياكى سۆز بىرىكمىلىرى، جۈملىنىڭ تولدۇرغۇچىسى بولىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىم ۋە ئىسىم خاراكتېرىدىكى سۆزلەر (تۇرغۇن سۆزلەر ۋە تۇرغۇن سۆزلۈك سۆز بىرىكمىلىرى) چۈشۈم كېلىش شەكلىدە كېلىپ، تولدۇرغۇچى ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

بىز ۋەتىنىمىزنى قىزغىن سۆيىمىز! (ئىسىم)

مۇئەللىم سىزنى چاقىرىۋاتىدۇ. (ئالماش)

ئوقۇتقۇچىمىز بىزگە كىتابنىڭ ياخشىلىرىنى تەۋسىيە قىلىدۇ. (سۆز بىرىكمىسى)

ئەكرەم مۇسابىقىدە بىرىنچىلىكنى قولغا كەلتۈردى. (سان)

ئاكام ئوقۇشنى بۇ يىل پۈتتۈردى. (ئىسىمداش)

بۈگۈن مۇسابىقىگە كەلگەنلەرنى كۈتۈۋالدۇق. (سۈپەتداش)

ۋاراڭ-چۇرۇڭنى توختاتساڭلارچۇ، بېشىم ئاغرىپ كەتتى. (تەقلىد سۆز)

چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى قوشۇلماستىن تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدىغان ئەھۋاللارمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

مەن تاماق يېدىم.

ئۇ كىتاب ئوقۇدى..

2. ئېنىقلىغۇچى:جۈملىدە شەيئىلەرنىڭ تۈرلۈك خۇسۇسىيەتلىرىنى ئېنىقلاپ كېلىدىغان ئەگەشمە بۆلەكتۇر.

ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىم ۋە ئىسىم خاراكتېرىدىكى سۆزلەر(تۇرغۇن سۆزلەر ۋە تۇرغۇن سۆزلۈك سۆزبىرىكمىلىرى) باش كېلىش ياكى ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلىنىپ، ئېنىقلىغۇچى ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ.

مەسىلەن:

بۈگۈن ئاچامنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلىدۇق. (ئىسىم)

بۈگۈن بازاردىن بىر تال قىزىل چاپان سېتىۋالدىم. (سۈپەت)
تۆت-بەش قىز قاقاقلاپ كۈلۈشكىنىچە كىرىپ كەلدى. (سان)
بىزنىڭ ئۆي شەھەر مەركىزىدە. (ئالماش)
بازاردىن ئىككى يەشىك ئالما ئالدىم. (سان-مىقدار بىرىكمىسى)
كۆپ سۆزلىگەن ئادەم بىلەن خوشۇم يوق. (سۈپەتداش)
ۋاراڭ-چۇرۇڭ ئاۋاز مەھەللىنى بىر ئالدى. (تەقلىد سۆز)
ئالماقنىڭ بەرمەكى بار، چىقماقنىڭ چۈشمەكى. (سۈپەتداش)

ئېنىقلىغۇچى جۈملىدە «قانداق، قايسى، كىمنىڭ، نېمىنىڭ، قانچە، نەچچە، قانچىلىك، قانچىنچى، قەيەردىكى، قەيەرنىڭ» دېگەندەك سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ.



مەشىق باغچىسى

1. تۆۋەندىكى بوش ئورۇنلارغا بېرىلگەن سۆز-ئىبارىلەرنىڭ مۇۋاپىقلىرىنى قويۇپ، جۈملىلەرنى تولۇقلاڭلار.

باتۇرلۇق بىلەن	ئاغرىپ قالغانلىقتىن	مىغ - مىغ	ئايىغى

1) ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەھرىمان قىزى رىزۋانگۈل خەلق ئۈچۈن ________ شېھىت بولدى.
2) بۈگۈن دەم ئېلىش كۈنى بولسىمۇ، كوچىلاردا ئادەم _______ ئىدى.
3) مۇئەللىم ___________ بۈگۈنكى دەرسنى ئۆتەلمىدى.
4) ۋەتىنىمىزنىڭ مەنزىرىسى ئىنتايىن گۈزەل، شۇڭا ساياھەتچىلەرنىڭ ______ ئۈزۈلمەيدۇ.

2. تۆۋەندىكى جۈملە شەكىللىرىگە ئىككىدىن جۈملە تۈزۈڭلار.

1) ئەگەر_______________-سا / -سە، ___________ بولىدۇ.
2) چۈنكى ______________، شۇڭا ___________________.
3) ________________، ئەكسىچە ___________________.
4) ______________ ياكى ___________، ۋەياكى _________.

3. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنىڭ بۆلەكلىرىنى ئايرىپ چىقىڭلار. ئىگەنىڭ ئاستىغا بىر تۈز سىزىق (______)، خەۋەرنىڭ ئاستىغا ئىككى تۈز سىزىق (═════)، تولدۇرغۇچىنىڭ ئاستىغا بىر ئەگرى سىزىق (~~~~~)، ئېنىقلىغۇچىنىڭ ئاستىغا ئىككى ئەگرى سىزىق قويۇش ئارقىلىق پەرقلەندۈرۈڭلار.



1) مەن چېچىمنى تاراشنى بەك ياخشى كۆرىمەن.

2) ئوقۇغۇچىلار مەكتەپنىڭ ئىچىدە توپ ئويناۋاتىدۇ.

3) تاغامنىڭ قىزى رەسىمگە چۈشۈشنى ياخشى كۆرىدۇ.

4) ئادىل سىڭلىسىنىڭ تاپشۇرۇقنى تەكشۈرۈپ بەردى.

4. تېپىشماقلارنى تېپىڭلار.



1) بىر ئۈچىدا نەيزىسى،
بىر ئۈچىدا دوپپىسى.
ئىز چۈشۈرسە نەيزىسى،
ئۆچۈرىدۇ دوپپىسى.

1) تويغانسېرى سەمرىيدۇ،
ئاغزىنى ئاچسا ئورۇقلايدۇ.

5. يېقىندا گېزىتتىن ئوقۇغان ياكى تېلېۋىزوردىن ئاڭلىغان (كۆرگەن) بىر خەۋەرنى ساۋاقداشلىرىڭلار بىلەن ئورتاقلىشىڭلار. ئورتاقلىشىشتىن ئاۋۋال تۆۋەندىكى جەدۋەلنى تولدۇرۇش ئارقىلىق پۇختا تەييارلىق قىلىۋېلىڭلار. راۋان، تەمكىن، تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن سۆزلەشكە ئەھمىيەت بېرىڭلار.

سۆزلەيدىغان خەۋەرنىڭ تېمىسى	
خەۋەرنى قەيەردىن ئۇقتۇم؟	
نېمىشقا بۇ خەۋەرنى ئورتاقلىشىمەن؟	
خەۋەرنىڭ مەزمۇنى نېمە؟	

خەۋەرگە قارىتا ئۆز كۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى خالايدىغانلار بولسا ئاڭلاپ باقايلى.	
مېنىڭ كۆز قارىشىم مۇنداق: (قوشۇلىدىغانلىرىم ياكى قوشۇلمايدىغانلىرىم)	
ئاخىرىدا ئاڭلىغانلارغا ۋە پىكىر قاتناشتۇرغانلارغا رەھمەت ئېيتىمەن.	

6. تۆۋەندىكى رەسىمنى كۆزىتىڭلار. رەسىمدىكى بالىلار، مۇھىت، ھادىسە ھەققىدە كۆرگەن ۋە ئويلىغىنىڭلارنى يېزىپ چىقىڭلار. مەزمۇنى كونكرېت، سۆز- جۈملىلىرى راۋان، ئىملاسى توغرا بولسۇن. بىر ماۋزۇ قويۇشنى ئۇنۇتماڭلار.



7. توردىن «مۇھەممەدنىڭ 2008-يىلى» دېگەن كىنونى تېپىپ، كۆرۈپ چىقىڭلار.

8. تۆۋەندىكى تېكىستنى ئوقۇپ، چۈشەنچەڭلارنى سۆزلەپ بېرىڭلار.

قىزىقارلىق ئەدەبىيات

قول سائىتى

چەت ئەلنىڭ بىر قول سائىتى شىركىتىنىڭ ئېلانى:

«شىركىتىمىزنىڭ دۇنيانىڭ جاي-جايلىرىدىكى رېمونتچىلىرى ئىشلىتىشكە تەييار ئىكەنلىكى...»

ئەڭ قىسقا ئىلمىي فانتازىيەلىك ھېكايە

ئامېرىكىنىڭ يېقىنقى زامان ئىلمىي فانتازىيە ھېكايە يازغۇچىسى فرېدرىك بىراۋن ئەڭ قىسقا بىر ئىلمىي فانتازىيەلىك ھېكايە يازغان. بۇ ھېكايە پەقەت بىرلا جۈملە:

«يەر شارىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر ئادەم ئۆيدە يالغۇز ئولتۇرسا، تۇيۇقسىز ئىشىك چېكىلدى...»

قاتناش ئېلانى

مالايشىيانىڭ رۇفۇ قاتناش تارماقلىرى قاتناش بىخەتەرلىكى ھەپتىلىكىدە، شەھەرگە مۇنداق ئېلان چاپلىغان: «ماشىنىڭىزنى 30 كىلومېتىردىن ئاستا ھەيدىسىڭىز، بۇ شەھەرنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىدىن ھۇزۇرلىنالايسىز؛ 60 كىلومېتىردىن ئاشۇرۇۋەتسىڭىز، سوتخانىغا مېھماندارچىلىققا بارىسىز؛ 80 كىلومېتىردىن ئاشۇرۇۋەتسىڭىز، شەھىرىمىزنىڭ ئەسلىھەلىرى ئەڭ يېڭى بولغان جىددىي قۇتقۇزۇش دوختۇرخانىسىغا بارىسىز؛ 100 كىلومېتىردىن ئاشۇرۇۋەتسىڭىز، سىزگە ئەلۋىدا!»

ئۆزىڭىزنىڭ ھەم ئائىلىڭىزنىڭ بەختى ئۈچۈن سۈرئەتكە دىققەت قىلىڭ!




بەشىنچى بۆلەك

ئەجدادلار مىراسى

دەرسكە تەييارلىق

- بىر مىللەت نېمە ئۈچۈن ئۆزىنىڭ تارىخىنى ئۆگىنىشى كېرەك؟
- بىز نېمىشقا تارىختا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەركىنلىكى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن كۈرەش قىلغان كىشىلەرنى ئالاھىدە قەدىرلەيمىز؟

17- دەرس: چەۋگەن توپ ئويۇنى



چەۋگەن — ئۇيغۇر قاتارلىق تۈرك خەلقلىرى ئارىسىدا قەدىمكى دەۋرلەردىن باشلاپ ئوينالغان، قەدىمي تەنھەرىكەت تۈرىنىڭ بىرى. چەۋگەن توپ ئويۇنى ئات ئۈستىدىكى تۈرلۈك ماھارەتلەرنى ئاشۇرىدىغان بىر خىل ئەسكەرلىك تەربىيەسى بولۇپ، ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈرك خەلقلىرىنىڭ تەنتەربىيە تارىخىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كەلگەن.

ئۇ قارىمۇقارشى ئىككى سەپ ئوتتۇرىسىدا، ئات ئۈستىدە تۇرۇپ، يەردىكى توپنى چەۋگەن تاياق بىلەن قارشى تەرەپنىڭ ساھەسىگە سۈرۈپ، رەقىبىنىڭ قاپقىسى (ۋاراتارى)غا كىرگۈزىدىغان بىر خىل ئات ئۈستى تەنتەربىيە ھەرىكىتى بولۇپ، بەزى شارائىتلاردا ئاتسىزمۇ ئوينىلىدۇ.

ئىران ئالىمى فىردەۋسى «شاھنامە» داستانىدا، قەدىمكى تۇران خەلقىنىڭ پادىشاھى ئالىپ ئەرتۇڭا بىلەن ئىران پادىشاھى سىياۋۇشلارنىڭ چەۋگەن ئوينىغانلىقنى ھېكايە قىلىدۇ.

بۇ ئويۇن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈرك قەۋملەر ئارىسىدا نورۇز (كۆك مەشرىپى، يېڭى يىل، باھار) بايرىمى قاتارلىق بايراملاردا، ھەر خىل كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىدە، كەڭ خەلق ئارىسىدا ئەسىرلەردىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن.

1979-يىلى ئارخېئولوگلار تۇرپان ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن مىلادى 5- ئەسىردىن 7- ئەسىرلەرگە مەنسۇپ بولغان چەۋگەن توپ ماھىرىنىڭ لاي ھەيكىلىنى تاپقان. بۇ ھەيكەل 37 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا بولۇپ، بىرەيلەننىڭ ئاتلىق توپ قوغلاۋاتقان ھەيۋەتلىك قىياپىتى تەسۋىرلەنگەن. بۇ ھەيكەل بېشىغا دوپپا، ئۇستىگە تون، پۇتىغا ئۆتۈك كىيگەن، يارىشىملىق بۇرۇت قويغان، ئىككى كۆزى يەردىكى توپقا تىكىلىپ، ئوڭ قولىدا توپ كالتىكى كۆتۈرۈپ، ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقان ھالىتى كۆرسىتىلگەن. بۇ ھەيكەل، تۈرك خانلىقى دەۋرىدە تۇرپان رايونىدا ياشىغان ئۇيغۇرلارنىڭ چەۋگەن توپ مۇسابىقىسى ئۆتكۈزگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان دەلىلدۇر.



تارىخىي مەنبەلەردە 11- ئەسىردە قاراخانىيلار دەۋرىدە ھەر خىل تەنھەرىكەتلەر قاتارىدا چەۋگەن توپ ئوينىلىدىغانلىقى ئوينىلىدىغانلىقى مەلۇم. ھەتتا تارىخىي يازمىلاردا قاراخانىلار خانلىقى تۈزۈمىدە ئەلچى ۋە ھەربىي ئەمەلدار بولۇش ئۈچۈن، دۆلەت ئەربابلىرىنىڭ چەۋگەن ئويناشنى بىلىشى مۇھىم شەرتلەردىن بىرى قىلىنغانلىقى خاتىرىلەنگەن.

11 - ئەسىردە ياشىغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇلۇغ ئالىمى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا:

يەنە دامكا - شاھماتنى ئۇ بىلسۇن خوپ،
ئويۇنغا چۈشكۈچىنى ئالسۇن ئۇتۇپ.
ئۇ بىلسۇن چەۋگەننى، ئاتار بولسۇن ئوق،
يەنە قوشچى ۋە ئۇۋدا تەڭدىشى يوق.

دەپ يېزىلغان. 11- ئەسىردە ياشىغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇلۇغ تىلشۇناسى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا: «ئۇ ماڭا چەۋگەن ئېگىپ بەردى» دەپ يېزىلغان. «تۈرك قامۇسى»دا: «بۈگۈنكى ئات ئۈستىدە ئوينىلىدىغان چەۋگەن ئويۇنى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈرك قەۋملەرنىڭ قەدىمكى زاماندىكى ئاتلىق ئوينىلىدىغان ئويۇنلىرىنىڭ بىرى ئىدى. چەۋگەن ئويۇنى غەربىي تۈركىستاندىن ھىندىستانغا كەلتۈرۈلدى. ئۇ يەردە ئىنگلىزلار كۆرۈپ ياۋروپاغا ئاپىرىشتى. POLO نامى بىلەن دۇنياغا تونۇلدى» دەپ يېزىلغان.



كۆنۈكمە

1. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى ئاۋۋال پەرەز قىلىڭلار، ئاندىن لۇغەتتىكى مەنىسى بىلەن سېلىشتۇرۇڭلار. ئاخىرىدا «لۇغىتىم»گە يېزىڭلار. ئەڭ ئاخىرىدا بىردىن جۈملە تۈزۈڭلار.



ئەنئەنىۋى، ماھارەت، رەقىب، پالاق، تۇران،

قەۋم، دەلىل، تۈرلۈك، سەپ، قامۇس



2. تېكىستكە ئاساسەن سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.

1) چەۋگەن توپ قانداق ئوينىلىدۇ؟

2) چەۋگەن توپ تەخمىنەن قايسى دەۋرلەردىن باشلاپ ئوينالغان؟

3) چەۋگەن توپ قايسى ئەسەرلەردە تىلغا ئېلىنغان؟

4) ئۇيغۇرلارنىڭ يەنە باشقا قانداق تەنتەربىيە ئويۇنلىرى بار؟

3. تېكىست بىلەن رەسىملەرنى بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق چەۋگەن توپنىڭ ئوينىلىشى ھەققىدە سۆھبەتلىشىڭلار. ئەگەر شارائىت يار بەرسە، سىلەرمۇ بۇ ئويۇننى ئويناپ بېقىڭلار.

4. تەنتەربىيە ئويۇنلىرىنى ئويناشنىڭ بىز ئۈچۈن قانداق پايدىسى بار؟

«تۈرك» سۆزى



«تۈرك» سۆزى تار مەنىدە تۈركىيەدىكى تۈرك خەلقىنى كۆرسەتسە، كەڭ مەنىدە پۈتۈن دۇنيادىكى تۈرك خەلقلىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ سۆز ئۇيغۇرچە مەنبەلەردە كۆپرەك «تۈركي» دەپ ئىشلىتىلىدۇ.



بىلىۋالاي

چەۋگەن ئويناش ئۇسۇلى: چەۋگەن توپ مەيدانىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 300 مېتىر، كەڭلىكى 100 مېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. 80 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى بىر ئۇچى ئەگرى چوماق شەكىللىك كالتەك بىلەن قاتتىق ياغاچتىن ياكى كۆندىن ياسالغان توپنى، ئىككى تەرەپ قارىمۇقارشى بولۇپ، بىر - بىرىنىڭ قاپقىقىغا ھەيدەپ كىرگۈزۈپ ئوينايدۇ. قايسى تەرەپ توپنى كۆپ كىرگۈزگەن بولسا، شۇ تەرەپ يەڭگەن ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئويۇنغا قاتنىشىدىغان ئادەم ئوندىن كەم بولمايدۇ.



18-دەرس: يىللارغا جاۋاب

لۇتپۇللا مۇتەللىپ

(شېئىر)

ۋاقىت ئالدىراڭغۇ ساقلاپ تۇرمايدۇ،
يىللار شۇ ۋاقىتنىڭ ئەڭ چوڭ يورغىسى،
ئاققان سۇلار، ئاتقان تاڭلار قايتىلانمايدۇ،
يورغا يىللار ئۆمۈرنىڭ يامان ئوغرىسى.

بىراق يىللارنى تىللاش توغرا كەلمەيدۇ،
مەيلى ئۆتتۈۋەرسۇن، ئۆزىنىڭ يولى.
ئادەملەرمۇ ۋاقىتنى قولدىن بەرمەيدۇ،
چۆللەرنى بوستان قىلغان ئادەملەر قولى.

ياشلىق ئادەمنىڭ زىلۋا بىر چېغى،
تولىمۇ قىسقا ئۇنىڭ ئۆمرى بىراق،
بىرتىلسا كالپىندارنىڭ بىر ۋارىقى،
ياشلىق گۈلىدىن تۆكۈلىدۇ بىر يوپۇرماق.

يىللار مەيدەڭنى تۇتۇپ قاقاقلاپ كۈلمە،
ئالدىڭدا قىزىرىشتىن ئارتۇق كۆرىمەن ئۆلۈمنى.
قېرىتىمەن دەپ ئارتۇق كۆڭۈل بۆلمە،
ئاخىرقى جەڭگە ئاتاپ قويارمەن ئوغلۇمنى.

يىللار شاملى يەلپۈنىدۇ، ئىزلار كۆمۈلىدۇ،
يوپۇرماقسىز دەرەخ بىچارە-بولىدۇ قاقشال.
يىللار سىخى، قۇرۇق كەلمەيدۇ، ئەكېلىپ بېرىدۇ،
قىزلارغا قورۇق، ئەرلەرگە ساقال.

يىللار دېڭىزى دولقۇنلۇق بولساڭمۇ،
ئۇيقۇنلىرىڭنى يارىدۇ بىزنىڭ كاراپ.
يىلنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قورقىتىپ باقساڭمۇ،
ئىجاد يىللارنى قېرىتىدۇ دەپ بېرىمىز جاۋاب.

(1944- يىلى يانۋار، ئاقسۇ)



كۆنۈكمە

1. تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.

1) شېئىردا يىللار نېمىلەرگە ئوخشىتىلغان؟

2) يىللارنىڭ بىزگە بېرىدىغان ئەڭ چوڭ «سوۋغىسى» نېمە؟

جانلاندۇرۇش: تېكستلەردە جانلىق ۋە جانسىز نەرسىلەر ئىنسانلارغا ئوخشاش ئالاھىدىلىكلەرنى ئىپادىلىسە، بۇ خىل تىل سەنئىتىنى «جانلاندۇرۇش» دەپ ئاتايمىز.

3) تېكستتە «يىللار» قانداق جانلاندۇرۇلغان؟

4) ئاپتورنىڭ يىللارغا بەرگەن ئەڭ ئاخىرقى جاۋابى نېمە؟ سىزچە بۇ جاۋابنىڭ مەنىسى نېمە؟

2. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى ئاۋۋال پەرەز قىلىڭلار، ئاندىن لۇغەتتىكى مەنىسى بىلەن سېلىشتۇرۇڭلار. ئاخىرىدا «لۇغىتىم»گە يېزىڭلار. ئەڭ ئاخىرىدا بىردىن جۈملە تۈزۈڭلار.





يورغا، زىلۋا، قاقشال، ئۆپچۆن، كاراپ،

جەڭ، مەيدە، ئالدىراڭغۇ، كۆڭۈل بۆل-، تاك

3. شېئىر ھەققىدىكى چۈشەنچەڭلارنى سۆزلەپ بېرىڭلار ۋە ھەر بىر كۇپلېتنى ئايرىم - ئايرىم تەھلىل قىلىڭلار.

4. شېئىرغا بىر-بىرىدىن پەرقلىق ئىككى ماۋزۇ قويۇڭلار.

5. شېئىرنىڭ مەركىزى ئىدىيەسى نېمە؟

6. لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ شېئىرلىرى بار كىتابتىن بىرنى تېپىپ، كىتابنىڭ ئىسمى، تەييارلىغۇچىسى، نەشر قىلىنغان يىل، نەشرىيات، كىتابنىڭ بەت سانى قاتارلىق كىتاب بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارنى يېزىپ كېلىڭلار.

بىلىۋالاي

لۇتپۇللا مۇتەللىپ

لۇتپۇللا مۇتەللىپ (1922 – 1945) ھازىرقى قازاقىستاننىڭ ئالمۇتا ئوبلاستىغا قاراشلىق چۆنجە يېزىسىنىڭ سايبويى مەھەللىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1931-يىلى



ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن غۇلجىغا كۆچۈپ كەلگەن. ئۇ شائىر، دراماتورگ ۋە مۇستەملىكىگە قارشى جەسۇر ئىنقىلابچى بولۇپ، ئەسەرلىرىدە «قايىنام ئۆركىشى»، «لۇتۇن» تەخەللۇسلىرىنى ئىشلەتكەن.

1944-يىلى ۋەتىنىمىزدە سىستېمىلىق ۋە پىلانلىق شەكىلدە مىللىي مۇستەقىللىق ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىلغان. نەتىجىدە ئىلى، تارباغاتاي ۋە ئالتاي رايونلىرى پۈتۈنلەي ئازاد قىلىنىپ، غۇلجىنى مەركەز قىلغان «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇلغان. بۇ جۇمھۇرىيەت ۋەتىنىمىزدىكى قالغان جايلارنىمۇ مۇستەقىل قىلىش ئۈچۈن، ھەرقايسى رايونلاردىكى زىيالىيلارنىڭ كۈچ قوشۇشى بىلەن كەڭ كۆلەملىك پارتىزانلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بارغان. مۇستەقىللىق كۈرىشىنىڭ ئاقسۇدىكى پائالىيەتلىرىدە ئاكتىپ رول ئالغان لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئىشغالچىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

لۇتپۇللا ئون تۆت يېشىدىن باشلاپلا شېئىر يېزىشقا كىرىشكەن بولۇپ، ئۆزىنىڭ قىسقىغىنا يىگىرمە ئۈچ يىللىق ھاياتىدا «يىللارغا جاۋاب»، «خىيالچان تىلەك»، «بۇ مېنىڭ ياش غۇنچە گۈلۈم ئېچىلاتتى»، «پادىشاھ سامورايلىرى ھالسىرايدۇ»، «ئەجەل ھودۇقۇشىدا» قاتارلىق ئۆلمەس ئەسەرلەرنى يازغان.

شائىرنىڭ ئەسەرلىرى تىلى گۈزەل، چۈشىنىشلىك ۋە ئوبرازلىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك روھى بىلەن يۇغۇرۇلغان بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قىزغىن سۆيۈپ ئوقۇشىغا ۋە قەدىرلىشىگە مۇيەسسەر بولۇپ كەلدى.

ل. مۇتەللىپ شېئىر ئىجادىيىتىدىن باشقا تەشكىلاتچىلىق، دراما ئارتىسلىقى، تەرجىمانلىق ۋە تەھرىرلىكمۇ قىلغان.

19- دەرس: خوتەن قەغىزى

غەيرەتجان ئابدۇللا كالدىر

قەغەزنىڭ پەيدا بولۇشى، ئىنسانىيەتنىڭ يېزىقچىلىق مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ تېرە، تارىشا، تاش، رەخت، تام، قوراماتاش، قىيالارغا خەت يازىدىغان كونا تارىخىي دەۋر بىلەن خوشلاشقانلىقىنىڭ بەلگىسى.

قەغەزچىلىك يۇرتىمىزنىڭ خوتەن تەۋەسىدىكى جايلاردا، بىرقەدەر مەركەزلىك ۋە كۆلەملەشكەن ھالدا، ئىزچىل ساقلىنىپ كەلگەن. شۇنداقلا، بۇ قەغەز ئاسىيادىكى نۇرغۇن ئەللەرگە كەڭ تارالغان ھەمدە بۇ ئەللەرنىڭ ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيانقى يازما ماتېرىياللىرى ئاساسەن مۇشۇ قەغەزگە يېزىلىپ كەلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ قەغەزنىڭ نامى «خوتەن قەغىزى» دەپ تونۇلغان. خوتەن قەغىزىنىڭ رەڭگى سامان رەڭگىدە بولغاچقا، «خوتەن سامان قەغىزى» ياكى «سامان قەغەز» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.



خوتەن قەغىزى ئۈجمە، تېرەك، جىگدە، سۆگەت قاتارلىق دەل-دەرەخلەرنىڭ قوۋزىقى، بولۇپمۇ ئۈجمىنىڭ قوۋزىقى ئاساسىي ماتېرىيال قىلىپ ئىشلىنىدۇ. خوتەن قەغىزىنى ياساشتا، ئۈجمىنىڭ يېڭى چىۋىقلىرى تاللىنىدۇ. ئاندىن يوپۇرماقلىرى ئۈزۈۋېتىلىپ، سويۇلغان قوۋزىقى قۇرۇتۇلىدۇ. قوۋزاقلار چاناش ياكى سوقۇش ئارقىلىق يۇمشىتىلىپ، ئاندىن قازاندا قاينىتىلىدۇ. تەييارلانغان قوۋزاق بوتقىسى سۇدا سۈيۈلدۈرۈش، ئەلگەك بىلەن سۈزۈش، قېلىپقا سېلىش، قۇرۇتۇش قاتارلىق باسقۇچلاردىن ئۆتۈپ، قەغەزگە ئايلىنىدۇ. سامان رەڭلىك بۇ قەغەزگە بىۋاستە خەت يېزىشقا بولمايدۇ. شۇڭا، ئۇ «خام قەغەز» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ خىل خام قەغەزنىڭ يۈزى سىلىق ۋە ئېغىر تاش بىلەن سىيرىلىپ، چۆرىسى كېسىپ تەكشىلەنگەندىن كېيىن، خەت يېزىشقا ئىشلىتىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، دۇنيا مىقياسىدا ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلگەنلىكتىن، خوتەن قەغىزى قايتىدىن خەلقىمىزنىڭ، شۇنداقلا دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتتى. قاراقاش ناھىيەسى پۇرچاقچى يېزىسىدىكى تۇرسۇنتوختى بوۋاي 2002- يىلى ئامېرىكا دۆلەتلىك مۇزېيىدا ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارالىق مىللىي ئۆرپ-ئادەت ماھارەت كۆرسىتىش يىغىنىدا خوتەن قەغىزىنى ياساپ ماھارەت كۆرسىتىپ، يىغىن قاتناشقۇچىلىرىنى ھەيران قالدۇردى. شۇنىڭ بىلەن تۇرسۇنتوختى بوۋاي ئامېرىكا ئۆرپ-ئادەتشۇناسلىرى تەرىپىدىن «يەر شارىدىكى ئەڭ قەدىمىي قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ ‹ھايات ۋارىسى› » دەپ ئاتالدى.



كۆنۈكمە

1. تېكىستكە ئاساسەن تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.

1) ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىگە قوشقان تۆھپىلىرىدىن بىرسىگە نېمە ئۈچۈن «خوتەن قەغىزى» دەپ نام بېرىلگەن؟

2) خوتەن قەغىزى قايسى ماتېرىياللاردىن، قانداق ياسىلىدۇ؟

3) «يەر شارىدىكى ئەڭ قەدىمىي قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ ‹ھايات ۋارىسى› » كىم؟ نېمە ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان؟

4) ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيا مەدەنىيىتىگە قوشقان يەنە قانداق تۆھپىلىرى بار؟

2. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى لۇغەتتىن تېپىپ، «لۇغىتىم»گە يېزىڭلار.



ئىنسانىيەت، كۆلەملەشكەن، قوۋزاق، چۇبۇق، بوتقا،

چۆرە، ھۈنەرۋەن، تېخنىكچىلىق، ماھارەت، ۋارىس



3. تېكىستكە پەرقلىق ئىككى ماۋزۇ يېزىڭلار.

4. تېكىستنىڭ مەركىزىي ئىدىيەسى نېمە؟

5. يۇقىرىدىكى 2- كۆنۈكمىدە بېرىلگەن سۆزلەرگە بىردىن جۈملە تۈزۈڭلار.

20- دەرس: ئۇيغۇر تىلى بىلىملىرى: جۈملە بۆلەكلىرى ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى (3)

ئەگەشمە بۆلەك: ھالەت

ھالەت: جۈملىدە خەۋەردە ئىپادىلەنگەن ئىش - ھەرىكەتنىڭ ۋاقتى، ئورنى، سەۋەبى، مەقسىتى، دەرىجىسى ۋە سان - مىقدارىنى بىلدۈرىدىغان ئەگەشمە بۆلەك. جۈملىدە ھالەت باش كېلىش، ئىگىلىك كېلىش ۋە چۈشۈم كېلىشتىن باشقا كېلىشلەردە كەلگەن سۆزلەردىن تۈزۈلۈپ، خەۋەرنى ئېنىقلايدۇ. مەسىلەن:

ئاپتوبۇس ئاستا-ئاستا قوزغالدى. (رەۋىش)

بۈگۈن ئۇشتۇمتۇت قاتتىق يامغۇر يېغىپ كەتتى. (رەۋىش)

بىز يولدا پاراڭلاشقاچ ماڭدۇق. (رەۋىشداش)

مۇئەللىم بۈگۈنكى دەرسنى ئولتۇرۇپ سۆزلىدى. (رەۋىشداش)

بايرامدا ھەممەيلەن چىرايلىق كىيىندۇ. (سۈپەت)

مەريەم يامغۇر يېغىۋاتقاندا كەلدى. (سۈپەتداش)

مەن مەكتەپتىن كەلدىم. (ئىسىم-چىقىش كېلىش)

ئادىل پوچتىخانىدا ئىشلەيدۇ. (ئىسىم- ئورۇن كېلىش)

ئابدۇشۈكۈر مۇسابىقىدە بىرىنچىلىككە ئېرىشتى. (سان)

ئوقۇغۇچىلار كەچلىك ئۇگىنىشكە قاتناشتى. (ئىسىمداش)

ماشىنىڭىز بىر سائەتتە قانچىلىك يول ماڭىدۇ؟ (سان-مىقدار بىرىكمىسى)

1) سۈپەت - ھەرىكەت ھالىتى: ئىش-ھەرىكەتنىڭ قانداق ئۇسۇل، قانداق ۋاستە بىلەن ئورۇنلانغانلىقىنى بىلدۈرۈپ كېلىدىغان ھالەت سۈپەت-ھەرىكەت ھالىتى دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

ئاپتوبۇس ئاستا-ئاستا قوزغالدى. (ھالەت رەۋىشى)

بۈگۈن ئۇشتۇمتۇت قاتتىق يامغۇر يېغىپ كەتتى. (ھالەت رەۋىشى)

بىز يولدا پاراڭلاشقاچ ماڭدۇق. (رەۋىشداش)

بايرامدا ھەممەيلەن چىرايلىق كىيىندۇ. (سۈپەت)

2) ئورۇن ھالىتى: ئىش-ھەرىكەتنىڭ پەيدا بولغان ئورنىنى بىلدۈرۈپ كېلىدىغان ھالەت ئورۇن ھالىتى دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

مەن ئۆيۈڭ يېنىدا ئولتۇردۇم. (ئورۇن رەۋىشى)

ئادىل ياۋروپاغا كەتتى. (يۆنىلىش كېلىشتە كەلگەن ئىسىم)

مەن بۈنى بازاردىن سېتىۋالدىم. (چىقىش كېلىشتە كەلگەن ئىسىم)

نېرى كەتمەي تۇرۇڭلار. (ئورۇن رەۋىش)

3) ۋاقىت ھالىتى: ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئورۇنلىنىش ۋاقتىنى ۋە چېكىنى بىلدۈرۈپ كېلىدىغان ھالەت ۋاقىت ھالىتى دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

مەن تۈنۈگۈن كەلدىم. (ۋاقىت رەۋىشى)

كېچە ھاۋا بەك سوغۇق بولدى. (ۋاقىت رەۋىشى)

قەھرىمانلار قەلبىمىزدە مەڭگۈ ياشايدۇ. (ۋاقىت رەۋىشى)

يازدا ساياھەتكە چىقىمىز. (ئورۇن كېلىشتە كەلگەن ئىسىم)

4) سەۋەب ھالىتى: ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئورۇنلىنىش ياكى ئورۇنلانماسلىق سەۋەبلىرىنى بىلدۈرۈپ كېلىدىغان ھالەت سەۋەب ھالىتى دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ تىرىشىپ ئۆگەنگەنلىكى ئۈچۈن ياخشى مەكتەپكە ئۆتەلىدى.

سىزنى كېلىدۇ دەپ ساقلاپ تۇردۇق.

مۇئەللىم بۈگۈن ئاغرىپ قالغانلىقتىن دەرس ئۆتەلمىدى.

5) مەقسەت ھالىتى: ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئورۇنلىنىش مەقسىتىنى بىلدۈرۈپ كېلىدىغان ھالەت مەقسەت ھالىتى دېيىلىدۇ. مەقسەت ھالەتلىرى جۈملىدە «نېمە ئۈچۈن، نېمە مەقسەت بىلەن، نېمە قىلغىلى؟» دېگەندەك سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

بىز بۇ يەرگە ئوقۇش ئۈچۈن كەلدۇق. (ئىسىمداش)

بىز ئۇيغۇر تىلىنى ياخشى ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك. (ئىسىمداش)

ئۇ قائىدىلەرنى قەستەن بۇزۇۋاتىدۇ. (مەقسەت رەۋىشى)

ئالىمكام قەشقەرنى كۆرگىلى كەپتۇ. (مەقسەت پېئىلى)

مەشىق باغچىسى

1. تۆۋەندە بېرىلگەن سۆزلەرنىڭ قارشى مەنىسىنى يېزىڭلار.

سىلىق: ئەقىللىق

چەبدەس: گۈزەل:

ئارزۇ: ئايدىڭ:

2. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنداش سۆزىنى يېزىڭلار.

ھەقىقانىي: تەملىك:

ھويلا: چېچەن:

ئاسمان: مېھىر:

3.تۆۋەندىكى جۈملىلەرنىڭ بۆلەكلىرىنى ئايرىپ، ھالەتنى تېپىپ چىقىڭلار.



1) بۈگۈن تۇيۇقسىز يامغۇر يېغىپ كەتتى.

2) ئەركىن مەكتەپكە بالدۇر كەلدى.

3) بۇ كىتابنى كۇتۇپخانىدىن ئارىيەت ئالدىم.

4) مەكتەپتىن دوستلىرىم بىلەن ئوينىغاچ قايتتۇق.

4. تېپىشماقلارنى تېپىڭلار.

1) داڭقى داستان بىر قۇش بار،
باتۇرلۇقى ئالامەت.
بۆكەن، تۈلكە قاچالماس،
چاڭگىلىدىن سالامەت.



2) سومكىدا بار كەپتىرىم،
قاناتلىرى ئەجەب كۆپ.
رەڭگىرويى ئوخشىماس،
تومۇرلىرى قىزىل - كۆك.

5. تۆۋەندىكى رەسىمنى كۆزىتىپ، نېمىلەرنى كۆرگەنلىكىڭلارنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

6. رەسىمدىكى بالىلار قايسى ئويۇننى ئويناۋاتىدۇ؟ سىلەر قانداق ئويۇنلارنى ئويناشنى ياخشى كۆرىسىلەر؟ بۇ ئويۇنلارنىڭ قانداق ئوينىلىدىغانلىقىنى ساۋاقداشلىرىڭلارغا ئېيتىپ بېرىڭلار.



7. ئەجدادلىرىمىز بىزگە ئىنتايىن قىممەتلىك مىراسلارنى قالدۇرۇپ كەتكەن. بۇ مىراسلاردىن نېمىلەرنى بىلىسىلەر؟ ئالتە گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ، ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىڭلار؛ ئاندىن گۇرۇپپىدىن بىر ۋەكىل تەيىنلەپ، ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغان مەدەنىيەت مىراسىنى تونۇشتۇرۇڭلار.

8. تۆۋەندىكى سۆزلەردىن پايدىلىنىپ، قىسقا بىر تېكىست يېزىڭلار.

خەير-خوش، كۈلۈمسىرە-، دوستلۇق، خۇشال بول-، ئۇچرا-، ياخشىمۇسىز

9. تۆۋەندىكى تېكىستنى ئوقۇپ، چۈشەنچەڭلارنى سۆزلەپ بېرىڭلار.

نەسردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى

ئاۋۋال مەن تەپتىم

ئەپەندىمنىڭ كىچىك ۋاقىتلىرى ئىكەن، بىر كۈنى ئۇ دوستلىرى بىلەن ئوينىغاش ئۈچۈن مەھەللىدىكى مەيدانغا بېرىپتۇ. بالىلار خېلىغىچە ئوينىغۇدەك بىرەر ئويۇن تاپالماپتۇ. كېيىن ياشتا چوڭراق بىر بالا ئەپەندىمگە:

— پادىشاھ ئويۇنى ئوينايلى. ئەگەر سەن دوپپاڭنى يەرگە قويۇپ تېپەلىسەڭ، بىز سېنى پادىشاھ قىلىمىز، - دەپتۇ.

— بۇنىڭ نەرى تەس، قاراپ تۇرۇڭلار - ھە!

ئەپەندىم شۇنداق دېگىنىچە دوپپىسىنى يەرگە قويۇپ، تېپىپ ئۇچۇرۇۋېتىپتۇ. ئارقىدىنلا بالىلارنىڭ ھەممىسى ئولىشىپ، ئەپەندىنىڭ دوپپىسىنى توپ قىلىپ تېپىپ ئويناپتۇ.

كەچتە ئۆيگە قايتقاندا، ئەپەندىمنىڭ ئاپىسى جۇلۇقى چىقىپ، مەينەت بولۇپ كەتكەن دوپپىنى كۆرۈپ:

— بىر ئوبدان دوپپا قانداق بولۇپ بۇنچىۋالا پاسكىنا بولۇپ كەتتى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— دوستلىرىم دوپپامنى توپ قىلىپ تېپىپ ئوينىدى، - دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

— باشقىلار سېنىڭ دوپپاڭنى تېپىپ ئوينىسا، سەن قاراپ تۇردۇڭمۇ؟—دەپ ئاچچىقلىنىپتۇ ئاپىسى.

— ياق، ئاپا، ئاۋۋال ئۆزۈم تەپتىم.

— ئەمدى چۈشەندىم، — دەپتۇ ئاپىسى، — سەن قەدىرلىمىگەن، سەن مۇھىم دەپ بىلمىگەن نەرسىنى، باشقىلار ئەلۋەتتە قەدىرلىمەيدۇ.

بۇ ئىشتىن كېيىن ئەپەندىم بوش ۋاقىتلىرىدا كۆپرەك كىتاب ئوقۇپتۇ ۋە بىلىملىك بىر كىشى بولۇپ يېتىشىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى ھېچكىم ئالدىيالماپتۇ. شۇنداقلا ئەپەندىم ئاپىسىنىڭ «سەن قەدىرلىمىگەن نەرسىنى باشقىلار ئەلۋەتتە قەدىرلىمەيدۇ» دېگەن سۆزىنى ھېچقاچان ئېسىدىن چىقارماپتۇ.

تارىخ ۋە بىز

ئالتىنچى بۆلەك

دەرسكە تەييارلىق


- ئاتا-ئانائڭلاردىن سىلەرنى بېقىپ چوڭ قىلىش جەريانىنى سوراپ، ئەڭ قىزىق بىر ۋەقەنى سىنىپتا ئوقۇپ بېرىش ئۈچۈن يېزىپ كېلىڭلار.
- تارىخىمىزنى ئۆگىنىشىمىزنىڭ قانداق پايدىسى بار؟

21- دەرس: دولان راۋابى

دولان راۋابى — مەكىت ناھىيەسى ۋە ئۇنىڭغا تۇتاش بولغان مارالبېشى، ئاۋات ناھىيەلىرىگە كەڭ تارقالغان، دولان ئەلنەغمىلىرىنى ۋە «دولان توققۇز مۇقامى»نى ئىجرا قىلىشتا ئىشلىتىلىدىغان ئاساسلىق چالغۇ ئەسۋابى.

سىرتقى كۆرۈنۈشىدىن قارىغاندا، دولان راۋابىنىڭ ياسىلىشى پەرقلىق بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ باشقا چالغۇ ئەسۋابلىرىدەك، يەنى راۋاب، دۇتار، ساتار، غىجەك ۋە تەمبۇرلاردەك سىپتا ئەمەس. چېلىش شەكلى، قائىدە - قانۇنىيەتلىرى جەھەتتىمۇ پەرقلەربار. ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخى ئۇزۇن قەدىمي چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ بىرى.





دولان راۋابىغا پەدە بېكىتىلمەيدۇ. يۇقىرى قىسمىدىكى ئۈچ قۇلاقتا بىر تالدىن ئۈچ تال سىم سېلىپ تۈزۈلىدۇ. بۇ ئۈچ تال سىمغا بېگىز بارماقنى ئاساس قىلىپ، قول بېسىلىدۇ ۋە يۆتكىلىدۇ. دولان راۋابىنىڭ دەستىسىگە ئورنىتىلغان 14 تال قۇلاققا بېكىتىلگەن 14 سىمنىڭ ئىككىسى بىر ئاھاڭ قىلىپ تۈزۈلۈپ، يەتتە خىل ئاۋاز توكچىسىنى ھاسىل قىلىدۇ. بۇ راۋابنىڭ مىللىي خۇسۇسىيىتى سىيرىپ چېلىش ئالاھىدىلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ. ياغاچتىن ياسالغان ئۇزۇن زەخمەكنى ئوڭ قولنىڭ باش بارماق ۋە بېگىز بارماقلىرى ئارىسىغا قىستۇرۇپ، راۋابنى ئوڭ بېقىن تەرەپكە تىرەپ، سول قول تەرەپكە ئۇنىڭ دەستىسىنى ئېلىپ، ئۇستۇن كۆتۈرگەن ھالدا چېلىنىدۇ. دولان راۋابىنىڭ پەدىسى بولمىغاچقا، پەدە باسقان بارماقلارنىڭ يۆتكىلىپ ئاھاڭ چىقىرىشى تەلەپكە لايىق بېسىلىشى بولۇشى، بارماقلارنىڭ توغرا بېسىلىشى شەرت. بارماق توغرا بېسىلمىسا، ئاھاڭ خاتا چىقىپ، مۇزىكىنىڭ مۇڭى، بىرلىكى بۇزۇلۇپ، ئاھاڭ رىتىمىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. دولان راۋابىدىن ئىبارەت بۇ قەدىمكى ئەنئەنىۋى چالغۇدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىلسا، ئۇنىڭغا ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىنسا، ئۇيغۇر مۇزىكىلىرىغا يېتەرلىك ھۆسن قوشۇلىدۇ.



كۆنۈكمە

1. تېكىستكە ئاساسەن تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.

1) دولان راۋابى قەيەرلەردە كۆپرەك ئىشلىتىلىدۇ؟

2) دولان راۋابىنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى ۋە چېلىش شەكلى جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرى نېمە؟



ئابزاس: مەلۇم بىر كۆز قاراشنى، ۋەقەنى ياكى پىكىرنى بىر نەچچە جۈملە بىلەن ئىپادىلەيدىغان پارچىلار «ئابزاس» دەپ ئاتىلىدۇ. بىر تېكىست نۇرغۇن ئابزاسلاردىن تۈزۈلىدۇ. بۇ ئابزاسلار ئارىسىدا مەنە يۇتۇنلۇكى بولىدۇ.

3) «دولان راۋابى» ماۋزۇلۇق تېكىست نەچچە ئابزاستىن تۈزۈلگەن؟ ھەر قايسى ئابزاستا نېمىلەر سۆزلەنگەن؟ قىسقىچە ئېيتىپ بېرىڭلار.

4) سىلەر قانداق سازلارنى بىلىسىلەر؟ ساز چالالايدىغانلار بولسا، كېيىنكى دەرستە بىر نومۇر ئورۇنلاپ بېرىڭلار. سازنى ئېلىپ كېلىش ئىمكانى بولمىسا، سىنىغا ئېلىپ، مۇئەللىم ئارقىلىق ساۋاقداشلىرىڭلار بىلەن ئورتاقلىشىڭلار.

2. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى ئاۋۋال پەرەز قىلىڭلار، ئاندىن لۇغەتتىكى مەنىسى بىلەن سېلىشتۇرۇڭلار. ئاخىرىدا «لۇغىتىم»گە يېزىڭلار. ئەڭ ئاخىرىدا بىردىن جۈملە تۈزۈڭلار.



ئەلنەغمە، ئىجرا قىل-، سىپتا، ئەنئەنە،

لايىق، ۋارىسلىق قىل-، پەدە، خۇسۇسىيەت،

ھۆسن قوش-، مۇڭ



3. تۆۋەندىكى سۆزلەرنى كىملەر ئۈچۈن ئىشلىتىمىز؟

تاغا، ھامما، كىچىك دادا، كىچىك ئاپا، نەۋرە تۇغقان، بىر تۇغقان، يەڭگە، جيەن، كۈيئوغۇل، ئىگىچە، قۇدا

4. ئائىلە تارىخىنى «نەسەبنامە» دەپ ئاتايمىز. ئائىلەڭلارنىڭ نەسەبنامىسى بارمۇ؟

ئاتا-ئاناڭلارنىڭ ئېيتىپ بەرگىنى بويىچە ئائىلەڭلارنىڭ نەسەبنامىسىنى يېزىپ چىقىڭلار. يازغاندا تۆۋەندىكى جەدۋەلنى نەمۇنە سۈپىتىدە ئىشلىتىڭلار.

ئىسىم-فامىلىسى	
تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتى	
تۇغۇلغان ۋاقىت، يەر؛ ۋاپات بولغان بولسا، ۋاپات بولغان يىلى ۋە يەر	
كەسپى	
مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرى	
مۇھىم ئىش-ئىزلىرى	

5. تۆۋەندىكى رەسىملەرنى كۆزىتىپ، سوئاللارغا شۇ ئاساستا جاۋاب بېرىڭلار.

1) ئۇيغۇر مىللىي چالغۇلىرى قانچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ؟ قايسىلار؟

2) سوقما چالغۇلار قايسى چالغۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟

3) كامانچىلىق چالغۇلىرى قايسى چالغۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟

4) چەكمە چالغۇلار قايسى چالغۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟

5) يەللىك چالغۇلار قايسى چالغۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟

ئۇيغۇر چالغۇلىرى



بۇ رەسىملەرنى «يانار» تەييارلىغان.

22-دەرس: ۋەتەن ئۈچۈن جان بەرگەن قەھرىمان ئانا

ئەسەت سۇلايمان

(چۈشەندۈرۈش ماقالىسى)

دۇنيادىكى ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ تارىخىدا ئۆز ۋەتىنىنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن ھاياتىنى تەقدىم قىلغان ئاجايىپ قەھرىمانلار ئۆتكەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە نامى تىللاردا داستان بولۇپ كەلگەن قەھرىمان قىز-ئاياللار ۋە ئانىلارمۇ بار، ئەلۋەتتە.

تۈركىيەنىڭ مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابى جەريانىدا ھاياتىنى تەقدىم قىلغان ياش ئانا شەرىفە باجى (1900-1921) دەل شۇنداق قەھرىمان ئاياللارنىڭ بىرىدۇر.

1921-يىلى مۇستاپا كامال ئاتاتۈرك رەھبەرلىكىدىكى تۈركىيەنىڭ مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابى ھەل قىلغۇچ باسقۇچتا ئىدى. ئوسمانلى ئىمپېرىيەسىنىڭ پايتەختى ئىستانبۇل، ئەنگلىيە قاتارلىق ياۋروپا كۈچلىرىنىڭ كونتروللۇقىغا چۈشۈپ قالغان بولسا، ئاناتولىيە تۇپراقلىرىنىڭ كۆپ قىسمى گرېتسىيە، ئىتالىيە، فرانسىيە قاتارلىق تاجاۋۇزچى كۈچلەرنىڭ ئىشغالى ئاستىدا تۇرماقتا ئىدى. مۇشۇنداق قىيىن بىر شارائىتتا، غازى مۇستاپا كامال ئاناتولىيەدىكى تۈرك ئەسكەرلىرى بىلەن پۈتكۈل تۈرك خەلقىنى سەپەرۋەر قىلىپ، تاجاۋۇزچىلارنى تۈرك ۋەتىنىدىن قوغلاپ چىقىرىشتىن ئىبارەت ئومۇمىي چاقىرىق ئېلان قىلدى. قورال تۇتالايدىغان ئەرلەرنىڭ ھەممىسى ئالدىنقى سەپكە ئاتلىنىدۇ. ياشانغانلار بىلەن قىز-ئاياللارمۇ بىردەك ھەرىكەتكە كېلىپ، قارادېڭىز بويىدىكى كاستامونۇدىن ئەنقەرەدىكى ئالدىنقى سەپكە قورال-ياراغ، ئوق-دورا ۋە ئارقا سەپ لازىمەتلىرىنى يەتكۈزۈش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالىدۇ.



1921-يىلىنىڭ قار-شىۋىرغانلىق بىر كۈنىدە، ئوق-دورا قاچىلانغان هارۋىنى سۆرەپ يولغا چىققانلار ئىچىدە، قۇچىقىدا بوۋاق بالىسى بار ئەمدىلا يىگىرمە بىر ياشقا كىرگەن ياش ئانا شەرىفە باجىمۇ بار ئىدى. جاندىن ئۆتكۈدەك سوغۇقتا، ئۇ بىر تەرەپتىن، قۇچاقتىكى بالىسىنىڭ توڭلاپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۇنى باغرىغا چىڭ باسسا؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئوق-دورىلارنىڭ هۆل بولۇپ بۇزۇلۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن قولىدىن كېلىدىغان بارلىق تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. ئاپئاق قاردا بىر قەدەم بىر قەدەمدىن ئالدىغا قاراپ ئىلگىرىلىگەن شەرىفە باجىنىڭ كاللىسىدا ئوق-دورىلارنى چوقۇم ئالدىنقى سەپكە يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت بىرلا نىشان بار ئىدى. هاۋانىڭ شىددەت بىلەن سوۋۇشى، قار-شىۋىرغانىنىڭ كۈچىيىشى، هەتتا جان-جىگەر بالىسىنىڭ سوغۇقتا توڭۇپ قىلىش خەۋپى ئۇنى ماڭغان يولىدىن هەرگىزمۇ ۋاز كەچتۈرەلمەيدۇ. ياش ئانا شەرىفە باجى ۋۇجۇدىدىكى ئەڭ ئاخىرقى كۈچى ۋە تىنىقى قالغۇچە ئالدىغا قاراپ ماڭىدۇ. ئۇ ئاخىرى هالسىزلىنىپ يەرگە يىقىلغىنىدا ۋە توڭلاپ ئاخىرقى تىنىقىنى بەرگىنىدە، باغرىدىكى بالىسىنىڭ توڭلاپ قالماسلىقى ۋە ئوق-دورىلارنىڭ ۋەيران بولۇپ كەتمەسلىكىنى ئاللاهدىن تىلەيدۇ.

ياش ئانا شەرىفە باجى ۋەتەن ئۈچۈن ئەنە شۇنداق قۇربان بولىدۇ. ۋەتەن تۇپراقلىرىنى قاپلاپ تۇرغان ئاسمان گۈمبىزى ئۇنىڭغا قەبرە، توختىماي يېغىۋاتقان ئاپئاق قار ئۇچقۇنلىرى ئۇنىڭغا ماتەم چېچەكى بولىدۇ. ياش ئانا شەرىفە هاياتىدىن ئايرىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرى ئەنقەرە ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسى ۋە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئېلىپ بېرىلغان بىر قاتار زەپەر ئۇرۇشلىرى ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدۇ. ئەنقەرەگىچە يېتىپ كەلگەن دۈشمەنلەر غازى مۇستاپا كامال قوماندانلىقىدىكى تۈرك ئارمىيەسىنىڭ قەهرىمانلارچە قايتۇرما زەربىسى نەتىجىسىدە ئاق دېڭىزغا تۆكۈلىدۇ. دۈشمەن ئارمىيەسى تۈرك تۇپراقلىرىدىن مەڭگۈلۈك چېكىنىدۇ.

ياش ئانا شەرىفە باجىنىڭ ۋەتەن ئۈچۈن شەرەپ بىلەن قۇربان بولغانلىقى هەققىدىكى خەۋەر غازى مۇستاپا كامالغا يەتكۈزۈلگەنىدە، ئۇ كۆزىگە ياش ئالغان هالدا: «شەرىفە باجىدەك ئانىلارلا بولىدىكەن، تۈرك ۋەتىنى ئەسلا مۇنقەرز بولمايدۇ!» دەيدۇ.

قەهرىمان ئانا شەرىفە باجىنىڭ هېكايىسى يۈز يىلدىن بۇيان تۈرك خەلقىنىڭ خاتىرىسىدە ساقلىنىپ كەلمەكتە. ئۇنىڭ هەيكىلى تۈركىيەدىكى خەلق مەيدانلىرى ۋە باغچىلارغا تىكلەنگەن بولسا، ئىش-ئىزلىرى باشلانغۇچ-ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىكلىرىدىن ئورۇن ئالماقتا. شەرىفە باجىنىڭ نامىغا بېغىشلانغان مەكتەپلەر، بانكىلار، باغچىلار، دوختۇرخانىلار ۋە باشقا ئەسلىهەلەر كاستامونۇدىن ئاناتولىيەنىڭ جاي-جايلىرىغىچە قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا.



كۆنۆكمە

1. تېكستكە ئاساسەن تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.

1) تېكستتە كىم بىلەن مۇناسىۋەتلىك هېكايە بېرىلگەن؟

2) ياش ئانا نېمىشقا سوغۇقتا توڭلاپ، ئۆلۈپ كېتىدۇ؟

3) ياش ئانا ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىدا نېمىنى ئارزۇ قىلىدۇ؟

4) ۋەتەننىڭ مۇنقەرز بولۇشى نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟

2. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى ئاۋۋال پەرەز قىلىڭلار، ئاندىن لۇغەتتىكى مەنىسى بىلەن سېلىشتۇرۇڭلار. ئاخىرىدا «لۇغىتىم»گە يېزىپ، ئەڭ ئاخىرىدا بىردىن جۈملە تۈزۈڭلار.





ئازادلىق، تەقدىم قىل-، رەھبەر، كونتروللۇقىغا چۈشۈپ قال-،

چاقىرىق، ئالدىنقى سەپ، ئارقا سەپ، نىشان،

ھالسىزلان-، قايتۇرما زەربە، ئۆچقۇن



3. تېكىستنىڭ مەركىزىي ئىدىيەسى نېمە؟

4. تېكىستكە پەرقلىق ئىككى ماۋزۇ يېزىڭلار.

5. ۋەتىنىمىز ئۈچۈن سىلەر قانداق ئىشلارنى قىلالايسىلەر؟ بۇ توغرۇلۇق ئۆزئارا سۆھبەتلىشىڭلار.



بىلىۋالاي

ئاتاتۈرك

مۇستاپا كامال ئاتاتۈرك (1881-1938) تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنى قۇرغان دۆلەت ئاتىسىدۇر.

ئوتتۇرا ئاسىيادىن كۆچۈپ كەلگەن تۈرك خەلقلىرى ئاناتولىيەدىكى تۈرك مەۋجۇتلۇقىنى كۈچلەندۈرۈپ، دۆلەت قۇرۇپ، زورىيىپ، بىر ئىمپېراتورلۇق بولۇپ شەكىللىنىدۇ ۋە تارىختا «ئوسمان ئىمپېراتورلۇقى» دەپ ئاتىلىدۇ.

تۈرك خەلقىنىڭ بۇ كۈچلۈك دۆلىتى ئىستانبۇل قاتارلىق شەھەرلەرنى ئېلىپ، نۇرغۇن جايلارنى تۈرك خەلقىنىڭ زېمىنىغا ئايلاندۇرىدۇ. ئۈچ قىتئەنى باشقۇرغان ۋە ئالتە يۈز يىلدىن ئارتۇق ھۆكۈم سۈرگەن ئوسمان ئىمپېراتورلۇقى كېيىنچە ھەر خىل سەۋەبلەردىن ئاجىزلىشىشقا يۈزلىنىدۇ. دۆلەتنىڭ كۈچى ئاجىزلىغانسېرى ئىمپېراتورلۇققا ئائىت بولغان زېمىنمۇ بارغانچە كىچىكلەپ، دۆلەت ھەتتا مۇنقەرز بولۇش



گىردابىغا بېرىپ قالىدۇ.

مۇستاپا كامال مۇشۇ ھەل قىلغۇچ پەيتتە خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ، ئىستراتېگىيەلىك قوراللىق ئۇرۇش ئارقىلىق ئىشغالچىلارنى پۈتۈنلەي چېكىندۈرۈپ، ھازىرقى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنى قۇرىدۇ ۋە «تۈرك خەلقىنىڭ ئاتىسى» مەنىسىدىكى «ئاتاتۈرك» دېگەن نامنى ئالىدۇ.

مۇستاپا كامال ئاتاتۈرك مۇستەقىل تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنى قۇرغاندىن كېيىن، مىللىتىنىڭ قەد كۆتۈرۈشى ۋە دۆلىتىنىڭ روناق تېپىشى ئۈچۈن نۇرغۇن ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بارىدۇ. ئۇ ئالدى بىلەن خەلقنى نادانلىقتىن قۇتقۇزىدۇ. تۈرك خەلقىنىڭ مۇسۇلمانلىقتىن ۋاز كەچمەي تۇرۇپمۇ ئىلىم-پەندە ياۋروپالىقلارغا ئوخشاش تەرەققىياتلارغا ئېرىشەلەيدىغانلىقىغا چىن قەلبىدىن ئىشىنىدۇ. شۇڭا مىللىي مائارىپقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئاتاتۈرك يۈرگۈزگەن سىياسەت نەتىجىسىدە، تۈركىيە ئىنسانلارنىڭ دىنغا ئىشىنىش ئەركىنلىكى كاپالەتكە ئىگە قىلىنغان، دۆلەت ئىشلىرى دىندىن خالىي بولغان قانۇن ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىنىدىغان دېموكراتىك بىر جۇمھۇرىيەت بولۇپ قۇرۇلىدۇ. شۇنداقلا خانىم-قىزلاردىنمۇ نۇرغۇن ئۇچقۇچى، تەتقىقاتچى، دوختۇر ۋە سەنئەتكارلار يېتىشىپ چىقىدۇ.

ئاتاتۈركنىڭ «ياش-ئۆسمۈرلەرگە خىتابنامە»سىنىڭ ئاخىرقى جۈملىسى مۇنداق: «سەن موھتاج بولىدىغان قۇدرەت — تومۇرىڭدا ئېقىۋاتقان ئېسىل قېنىڭدا مەۋجۇتتۇر».

بۇ جۈملىنىڭ مەنىسى: ساڭا لازىم بولىدىغان ئەقىل-پاراسەت ۋە كۈچ-قۇدرەت — سېنىڭ شانلىق تارىخىڭدا، مىللىي پىكىر سىستېماڭدا، پەقەت ۋە پەقەت ئۆزۈڭدە مەۋجۇت. شۇڭا، قىيىن ئەھۋالدا قالغاندا ئۆزۈڭنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇما، پۈتۈن قىيىنچىلىقلارنى يېڭەلەيدىغان جاسارىتىڭگە ۋە ئىرادەڭگە ئىشەن، ئۆزۈڭگە ئىشەن.

23-دەرس: مەڭگۈتاش پۈتۈكلىرى



مەڭگۈتاش پۈتۈكلىرى ــ ئەجدادلىرىمىز تەرىپىدىن تىكلەنگەن، ئۈستىگە خەتلەر ئويۇلغان تاش پۈتۈكلەردۇر. بۇ پۈتۈكلەر ئۇيغۇر قاتارلىق تۈرك خەلقلىرىنىڭ ھازىرغىچە تېپىلغان دەسلەپكى يازما ئەسەرلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مەڭگۈتاشلارنىڭ كۆپىنچىسى ئورخۇن دەرياسى بويىدىن تېپىلغاچقا، شۇنىڭدەك ئۈستىگە ئويۇلغان يېزىقلار كۆك تۈرك خانلىقى ياكى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئىشلىتىلگەن يېزىقلار بولغاچقا، مەڭگۈتاش يېزىقلىرى «كۆك تۈرك يېزىقى»، «ئورخۇن-يېنسەي يېزىقى» دېگەنناملار بىلەن ئاتالغان. مەڭگۈتاشلاردا ئىشلىتىلگەن تىل، ھازىرقى تۈرك خەلقلىرى ئىشلىتىۋاتقان قازاقچە، ئۇيغۇرچە، ئۆزبېكچە، تۈركچە قاتارلىق تىللارنىڭ ئاساسى بولغان ئومۇمىي تۈرك تىلىدۇر.

ھازىرغىچە ھەجمى چوڭراق مەڭگۈتاش ئابىدەسىدىن ئون بەشى تېپىلغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە «تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى»، «كۆلتېكىن مەڭگۈ تېشى»، «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» مەشھۇرلىرىدۇر. مەڭگۈ تاشلارنى بۇنىڭدىن مىڭ ئۈچ يۈز يىل بۇرۇن، قاغانلار مەڭگۈلۈك يادىكار بولۇپ قالسۇن، ئوقۇغانلار ۋە ئىشتكەنلەر تەجرىبە-ساۋاق ئېلىپ، ئاسارەتكە چۈشۈپ قېلىشتىن ساقلانسۇن دەپ تىكلىگەن. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ سەلتەنەتلىك تارىخىنى، دۆلەتنى ۋە خەلقنىڭ خاتىرجەم ۋە باياشات ياشىشى ئۈچۈن قانداق تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكىنى، تېررىتورىيەسىنى قەيەرگىچە كېڭەيتكەنلىكىنى، دۆلەتنىڭ نېمىشقا زاۋاللىققا يۈزلىنىپ، خەلقنىڭ قانداق خانىۋەيران بولغانلىقىنى، كېيىنكىلەرنىڭ بۇلاردىن ئىبرەت ئېلىشى ھەققىدىكى نەسىھەت-ئۈگۈتلىرىنى، تاشقا تېكىست شەكلىدە ئويدۇرۇپ، كېيىنكى ئەۋلادلارغا قالدۇرغان.

«كۆلتېكىن مەڭگۈ تېشى»نىڭ جەنۇبىي يۈزىدىكى 5-، 6- قۇرلاردا مۇنداق جۈملىلەر بار:

تابغاچلار (ھازىرقى خىتايلار) ئالتۇن-كۈمۈش، ھاراق-شاراب، يىپەك ماللارنى غەم قىلمايلا بېرىدىكەن. ئۇلارنىڭ گېپى تاتلىق، سوۋغىلىرى ئېسىل ئىكەن. تاتلىق سۆزى، ئېسىل سوۋغىلىرى ئارقىلىق يىراقتىكى خەلقلەرنى ئۆزلىرىگە يېقىنلاشتۇرىدىكەن. يېقىنلاشقاندىن كېيىن ھىيلە-نەيرەڭلىرىنى چىقىرىدىكەن. ئەقىللىق ۋە باتۇر كىشىلەرنى روناق تاپقۇزمايدىكەن. بىر كىشى خاتالاشسا، ئۇنىڭ ئۇرۇقى، قوۋمى ۋە بۆشۈكتىكى بوۋاقلارغىچە ساق قويمايدىكەن. ئۇلارنىڭ تاتلىق سۆزىگە، ئېسىل سوۋغاتلىرىغا ئىشىنىپ، نۇرغۇن تۈرك خەلقى ۋەيران بولدى.



كۆنۈكمە

1. تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.

1) مەڭگۈ تاش دېگەن نېمە؟
2) مەڭگۈ تاشلار نېمىشقا پۈتۈلگەن؟
3) تېكىستتە تىلغا ئېلىنغان مەڭگۈ تاشلاردا قانداق مەزمۇنلار بار؟
4) سىزچە يەنە مىڭ ئۈچ يۈز يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئەۋلادلارغا بىزدىن نېمە قېلىشى مۇمكىن؟

2. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى لۇغەتتىن تېپىپ، «لۇغىتىم»گە يېزىڭلار ۋە ھەر بىرىگە بىردىن جۈملە تۈزۈڭلار.



مەڭگۈتاش، قاغان، پۈت-، ئوي-، پۈتۈك،
ھىيلە-نەيرەڭ، نەسىھەت-ئۆگۈت،
ئاسارەت، ئىشەنچ، يۇمشاق



3. تېكىستكە پەرقلىق ئىككى ماۋزۇ قويۇڭلار.

4. تۆۋەندىكى سۆزلەرنى مۇۋاپىق چۈشەندۈرۈشلەر بىلەن تۇتاشتۇرۇڭلار.

قېرىنداشلىق	كۆن چىقىشتىن بۇرۇن، ئۈپۈقنىڭ قىزارغان ۋاقتى
توختامنامە	بىر-بىرىنى قوللاش، خاتا يولدىن چەكلەش ۋە ياردەم بېرىش
تاڭ	ئىككى تەرەپنىڭ ھەقلىرىنى ۋە ۋەزىپىلىرىنى ئېنىق بەلگىلەپ، مەلۇم بىر ئىش توغرىلىق ئىمزالىغان ھۆججەت

5. تۆۋەندىكى قارشى مەنىلىك سۆزلەرنى تۇتاشتۇرۇڭلار.



خام	ئەقىللىق
ئاستا	پىششىق
جاسارەتلىك	تاتلىق
ئىشچان	ئىتتىك
دۆت	قورقۇنچاق
ئاچچىق	ھورۇن



بىلىۋالاي

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان



سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان (903-955) — ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، دىنىي ئالىم، سىياسىيون، تالانتلىق ھەربىي ئالىم ۋە سەركەردە. ئۇ ئۇلۇغ قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ خاقانى بولغاندا، قەشقەرنى پايتەخت قىلغان بولۇپ، قەشقەر مەدەنىيەت ۋە ئىلىم مەركىزى بولغان. شۇنىڭدەك ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىدا ئىسلاملىشىش دەۋرى باشلانغان. ئۇ ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى دەپ ئېلان قىلىپ، ئۇيغۇر خەلقىنى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلدۇرغان. ئۆزىمۇ «ئابدۇكېرىم» دېگەن ئەرەبچە ئىسمنى قوللانغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇرلاردا بۇغرا، تېگىن (تېكىن) قاتارلىق ئىسملارنىڭ ئورنىغا ئەرەبچە ئىسىملار كۆپلەپ قويۇلىدىغان بولغان.

سۇتۇق بۇغراخان دەۋرىدە ئۇنىڭ نامىغا قۇيدۇرۇلغان «ئابدۇكېرىم» دېگەن خەت ئويۇلغان تىللا پۇللار ھازىر لېنىنگرادتىكى مۇزېيدا ساقلانماقتا.

24- دەرس: ئۇيغۇر تىلى بىلىملىرى: ئاددىي جۈملە ۋە قوشما جۈملە

1. ئاددىي جۈملە: سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسىدىن تۈزۈلۈپ، تولۇق ئاياغلاشقان بىرلا ئوي-پىكىرنى ئىپادىلەيدىغان جۈملىلەرنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:

باھار كەلدى.

دەرەخلەر يوپۇرماق چىقىرىشقا باشلىدى.

مەن مەكتەپتىن كەلدىم.

بۈگۈن ھاۋا بەك ئۇچۇق.

2. قوشما جۈملە: مەنە جەھەتتىن باغلىنىشلىق بولغان، ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئاددىي جۈملىنىڭ مەلۇم سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەتتە بىرىكىشىدىن تۈزۈلۈپ، مۇرەككەپ پىكىرنى ئىپادىلەيدىغان جۈملىلەرنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:

يامغۇر توختىدى ۋە بۇلۇتلار ئاستا-ئاستا تارقاپ، ھەسەن-ھۈسەن كۆرۈندى.

شۇنى بىلىپ يېتىشىمىز كېرەككى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى قوغداش ھەممىمىزنىڭ بۇرچى.

قانۇن بولمىسا، تەرتىپ بۇزۇلىدۇ، شۇنداقلا جەمئىيەت قالايمىقانلىشىدۇ.

3. ئاددىي جۈملە بىلەن قوشما جۈملىنىڭ پەرقى:

1) جۈملە قۇرۇلمىسىدىن پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن:

بۈگۈن ئەدەبىيات، تەنتەربىيە، ماتېماتىكا، رەسىم ۋە مۇزىكا دەرسلىرى بار. (ئاددىي جۈملە)

ئالىم ھەپتە ئاخىرلىرى ئاۋۋال ئائىلىسى بىلەن بىرلىكتە مومىسىنى يوقلايدۇ، ئاندىن ئۆيگە قايتىپ كېلىپ تاپشۇرۇقلىرىنى ئىشلەيدۇ، قالغان بوش ۋاقتىدا ئۇكىسىنىڭ تاپشۇرۇق ئىشلىشىگە ياردەم قىلىدۇ. (قوشما جۈملە)

2) خەۋەردىن پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ ۋەتىنىگە بولغان چوڭقۇر سۆيگۈسىنى، ئاتا-ئانا، قېرىنداش ۋە دوست-بۇرادەرلىرىگە بولغان سېغىنىشىنى، ئۇلارنى يەنە بىر قېتىم كۆرۈش ئارزۇسىنى بۇ شېئىرىي داستانىدا يېزىپ چىقتى. (ئاددىي جۈملە - بىرلا خەۋەر بار)

ئىشلىسەڭ، چىشلەيسەن. (قوشما جۈملە - ئىككى خەۋەر بار)

3) ئىنتوناتسىيەسىدىن پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن:

بىزنىڭ باغدا ئالما، نەشپۈت، ئۆرۈك ۋە ياڭاق دەرەخلىرى بار. (ئاددىي جۈملە)

بىغىمىزدىكى ئالما شۇنچىلىك ئوخشاپ كەتتىكى، دەرەخنىڭ شاخلىرى مېۋىسىنى كۆتۈرەلمەي ئېگىلىپ قالدى. (قوشما جۈملە)

4) باغلىغۇچىلارنىڭ رولىدىن پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن:

مەن بازاردىن كىتاب، دەپتەر ۋە قەلەم سېتىۋالدىم. (ئاددىي جۈملە)
ئالىم بۈگۈن مەكتەپكە كەلدى ۋە سومكىسىنى تاشلاپلا، توپ ئوينىغىلى چىقىپ كەتتى. (قوشما جۈملە)



مەشىق باغچىسى

1. غازى ئەمەت سىزغان تۆۋەندىكى «مۇقام» ناملىق رەسىمنى كۆزىتىپ، قانداق چالغۇلار چېلىنىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.



2. تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇپ، ئاددىي جۈملە بىلەن قوشما جۈملىنى ئايرىڭلار. ئاددىي جۈملىنىڭ ئاستىغا تۈز سىزىق، قوشما جۈملىنىڭ ئاستىغا ئەگرى سىزىق سىزىڭلار.

قەلبىمدىكى ئۆتلۈق سىزىقلار

غازى ئەھمەت

مېنىڭ ئاتا-ئانام ياكى ئۇرۇق-تۇغقانلىرىمنىڭ بىرەرى رەسساممۇ ئەمەس. دادام ئۆلىما كىشى بولۇپ، يۇرت قازىسى ئىدى. مەن دادامنىڭ ئاتمىشلارغا كىرگەندە تۇغۇلغان يالغۇز ئوغلى بولغاچقا، دادام ماڭا تولىمۇ كۆيۈنەتتى. ئىككى ياش ۋاقتىمدا ئانام تۈگەپ كەتكەچكە، مەن ئۆگەي ئانىنىڭ قولىدا چوڭ بولدۇم. ئۆيىمىزدە بىرقانچە ئەۋلاد ئاتا-بوۋىلىرىمىزدىن مىراس قالغان ئۈچ يۈز پارچىدىن ئارتۇق كىتاب بار ئىدى. مەن ئاشۇ كىتابلاردىكى رەسىملەرنى كۆرۈشكە بەكمۇ ئامراق ئىدىم. دادام بۇ كىتابلارنى كۆرۈشۈمگە يول قوياتتى، لېكىن كىتاب ۋاراقلىرىنىڭ يىرتىلىپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، ئۆزى ۋاراقلاپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى رەسىملەرنى چۈشەندۈرۈپ قوياتتى. مەن بۇ رەسىملەرنى ھەۋەس بىلەن كۆرۈپ، ئۇلارنى دوراپ سىزاتتىم.

3. تۆۋەندىكى قوشما جۈملىلەرنى ئوقۇپ، ھەربىرىنىڭ قانچە ئاددىي جۈملىدىن تەركىب تاپقانلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

1) مەي باغلاپ پىشقان ئالمىلارنى كۆرۈپ، توشقان بەكمۇ خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ ۋە لىككىدە سەكرەپ، ئالما دەرىخى ئۈستىگە چىقىۋاپتۇ-دە، ئالمىلارنى ھۇزۇرلىنىپ يېيىشكە باشلاپتۇ.

2) ئاخىرى بارات ئاكا ئۆكىشىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن، ئوغلى بىلەن ئارقىسىغا قايتتى ۋە ئۆكىشىنىڭ ئۈنىمىغىنىغا قارىماي، ئۇنىڭ سومكىسىنى كۆتۈرۈۋالدى-دە، ئۈچەيلەن مېھمانخانىغا قاراپ ماڭدى.

3) ئابدۇرېھىملارنىڭ يېزىسىدا 25 مولۇق بىر باغ بولۇپ، باغۋەن مۇسا تاغا ئون نەچچە يىلدىن بېرى مۇشۇ باغدا ئىشلەپ، باغنىڭ ئالاھىدە يەرلىرىگە كۆچەت تىكىپ، ئەلا سورتلۇق مېۋىلەرنى ئۆلاپ، بۇ باغنى ئاجايىپ گۈزەللەشتۈرۈۋەتكەنىدى.

4. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ، ئۇلارنىڭ ئاددىي جۈملە ھېسابلىنىدىغان ياكى ھېسابلانمايدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىڭلار.

1) ئېگىز تاغ چوققىلىرىدىكى ياپيېشىل قارىغايلار يىراق-يىراقلاردىنمۇ كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

2) ئۆگىنىشىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى كۆپىنچە ھاللاردا قىزىقىش، توغرا نىشان، قەتئىي ئىشەنچ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

3) گۈل - گىياھلار يالغۇز ئۆسۈپ تۇرغانلىقىدىن قىش پەسلى ئىنتايىن سوغۇق بولسىمۇ، باغ - باراڭلارنىڭ چۆرىسىدىكى ئازغانلارنىڭ چوغدەك مونچاقلىرى كۆزنى قاماشتۇرىدۇ.

ماقال ۋە تەمسىل



ماقال-تەمسىللەر «ماقال» ۋە «تەمسىل» دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ. ئەگەر جۈملىدىكى پىكىر بىۋاستە ئىپادىلەنگەن بولسا، «ماقال»؛ ھايۋان، ئۇچار قۇش ياكى نەرسىلەر ئارقىلىق ئەگىتىپ ئىپادىلەنگەن بولسا، «تەمسىل» دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

كېڭەشلىك ئىش ئۆزۈلمەس، كېڭەشسىز ئىش بۇزۇلار. (ماقال)

ئىش ئۆملۈكتە، كۈچ بىرلىكتە. (ماقال)

يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس، چېڭى چىقسىمۇ دېڭى چىقماس. (تەمسىل)

كالىنىڭ مۈڭگۈزىگە ئۇرسا، تۇۋىقى سىرقىرار. (تەمسىل)

5. قوشما جۈملە شەكلىدىكى ماقال- تەمسىلدىن بەشنى يېزىپ كېلىڭلار ۋە ماقال ياكى تەمسىل ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىڭلار.

6. تېپىشماقلارنى تېپىڭلار.



1) ساما سالار سامادا،
ئۆيى بولسا كامادا.
شەپە بېرىپ يامغۇردىن،
ۋىچىرلىشار ھاۋادا.

2) بىر نەرسە بار بىلمىگەننى بىلگۈزىدۇ،
ئىچىنى ئېچىپ باقساڭ قەلبىڭنى يورۇتىدۇ.

7. تارىخىمىزنى تونۇش ۋە چۈشىنىش بىز ئۈچۈن ئەجدادلىرىمىزنى ۋە ئۆزىمىزنى تونۇش ۋە چۈشىنىشىمىزنىڭ ئاچقۇچى. ئوقۇغان تېكىستلەرگە ئاساسەن «تارىخىمىز ۋە بىز» دېگەن تېمىدا بىر ماقالە يېزىڭلار.

8. تۆۋەندىكى ماقال‌لارنى ئوقۇپ، كۈندىلىك تۇرمۇشۇڭلارغا تەتبىقلاپ، يېشىپ چۈشەندۈرۈڭلار.

- نادان كىشى ئۆزىگە قىلغاننى، ئەقىللىق كىشى دۈشمىنىگىمۇ قىلمايدۇ.
- خەلقنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشەي دېسەڭ، خەلققە قولۇڭدىن كېلىشىچە ياخشىلىق قىل.
- بىلىش كېرەككى، ياخشىلىق ھەرگىز زايە كەتمەيدۇ، يامانلىقمۇ جازاسىنى تارتماي قالمايدۇ.
- ياخشىلىق قىلىش قولۇڭدىن كەلمىسىمۇ، يامانلىق قىلىشتىن ساقلان.
- ئەدەبىنىڭ يۇقىرى پەللىسى گۈزەل ئەخلاقتۇر.
- ئاتا-ئانىسىنى ھۆرمەت قىلمىغان پەرزەنت، پەرزەنتلىرىدىن ھۆرمەت تەلەپ قىلىشقا لايىق ئەمەس.

ئەخلاق ۋە پەزىلەت

يەتتىنچى بۆلەك

دەرسكە تەييارلىق

- سالاملاشقاندا قانداق سۆزلەرنى ئىشلىتىمىز؟
- ياخشى تىلەكلىرىمىزنى قانداق سۆزلەر بىلەن ئىپادىلەيمىز؟

25- دەرس: ئاتا مېھرى

جالالىدىن بەھرام

(ھېكايە)

ئوچۇقىنى ئېيتسام، دادام بىلەن ھەپىلەپ-ئايلاپ قوي باقسامۇ، ئۇنىڭ چىرايىغا ئانچە قارىغۇم كەلمەيتتى. چۈنكى، دادامنىڭ يۈزىدە تاتۇقلار بار بولۇپ، بىقمىسىز كۆرۈنەتتى. ئوڭ كۆزىنىڭ جىيەكلىرى قىپقىزىل ئىدى ۋە داۋاملىق ياشاڭغىراپ تۇراتتى. شۇڭا، ئۇنى بىر كىمنىڭ ئالدىدا ئالدىراپ «بۇ مېنىڭ دادام» دېگۈمۇ كەلمەيتتى. ئۇنىڭ بىلەن يالغۇز قالغاندا، دائىم كەمسۆز بولۇۋالاتتىم.

دادامنىڭ چىرايىنىڭ نېمە سەۋەبتىن مۇشۇنداق بولۇپ قالغانلىقى ھەققىدىكى ھېكايىنى ئانامدىن تەكرار-تەكرار ئاڭلىغانمەن.

— بالام، داداڭ ئۆز ۋاقتىدا تەندۇرۇس، قاپقارا قويۇق قاشلىق، چوڭ كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ تۇرىدىغان قاملاشقان ئادەم ئىدى. ئۇ، ئاكاڭ جۇرئەتنى قۇتقۇزىمەن دەپ ئاشۇنداق بولۇپ قالغان. تاغدا ماللارنىڭ ئەڭ يامان كۈشەندىسى ئادەمئېيىق. ئۇ پات-پاتلا پەيدا بولۇپ، ماللارغا زىيان سالىدۇ. كۈزنىڭ بىر كۈنى بىر ئادەمئېيىق كېچىدە كېلىپ، ئېغىلدىكى ماللارغا ھۇجۇم قىلغان ئىكەن. داداڭ بىلەن ئاكاڭ ماللارنى ئادەمئېيىقتىن قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن ئادەمئېيىقنى قوغلىۋەتمەكچى بولىدۇ. لېكىن ئادەمئېيىق تۇيۇقسىز ئاكاڭغا ئېتىلىپ، ئۇنى ئاستىغا بېسىۋالىدۇ. داداڭ ئاكاڭنى قۇتقۇزىمەن دەپ، ئادەمئېيىق بىلەن ئېلىشتى. شۇ جەرياندا ئېغىر يارىلاندى. يۈزىدىكى ۋە بىلەكلىرىدىكى تاتۇق ئىزلىرى مۇشۇ ۋەقەدىن قالغان ئىزلار.

بۈگۈن دادام بىلەن يولغا چىقىشتىن بۇرۇن، ئانام نەرسە-كېرەكلەرنى تەييارلىغاچ يەنە بۇ ھېكايىنى سۆزلەپ كېلىپ، مۇنداق دېدى:



— ئۇ چاغلاردا سەن تېخى كىچىك ئىدىڭ. ئاتا بولغۇچىنىڭ پەرزەنتلىرىگە بولغان سۆيگۈسى يېتىمبۇلاق تاغلىرىدەك تەۋرەنمەس ئىكەن. باغرى بولسا، يايلاق ئاسمىنىدەك پاكىز ھەم بىپايان بولىدىكەن. داداڭ ئۆرە يۈرگىنى بىلەن ئىچىدىن كۆيۈپ تۈگىدى...

لازىمەتلەر ئارتىلغان ئۇلاغلارنى ھەيدەپ، دادام بىلەن يېتىمبۇلاق تاغ قاپتاللىرى ئىچىدە كېتىپ باراتتۇق. ئانامنىڭ: «داداڭ ئۆرە يۈرگىنى بىلەن ئىچىدىن كۆيۈپ تۈگىدى» دېگەن ھەسرەتلىك نىداسىنىڭ مېنى ئازابقا سېلىشىمۇ، ئىشقىلىپ دادامنىڭ غەمكىن، مىسكىن ھالىغا قاراپ، بىر يەرلىرىم ئېچىشقاندەك بولۇپ، ئۆپكەم ئۆرۈلدى. بىچارە دادامنىڭ ئۆمرى باللىرى ئۈچۈن تاغ-دەشتلەر ئارا يامغۇر-يېشىن، جۇدۇن-چاپقۇن، ئىسسىق-سوغۇقلاردا ئۆتتى. جاھاننىڭ ھۇزۇر-ھالاۋىتىنى كۆرمىدى. ئۇغۇ تاپا-تەنە قىلماي، مىننەت قىلماي، گويا شۇنداق بولۇشى كېرەكتەك، ئۆمرىنى ئائىلىمىز ئۈچۈن تەر تۆكۈش بىلەن ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ. بىراق، ئۇنىڭ شاپائىتىگە ئېرىشكەن بىزلەر ئۇنىڭ قەدرىگە يەتتۇقمۇ؟! شەخسەن مەن، باللىق مېھرىمنى ئاياپ، ھەتتا ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن پاراڭمۇ قىلمايمەن.

يولنىڭ ئوڭ تەرىپى، ئۇلاغ قوشقۇنىغا ئولتۇرۇپ ئاران چۈشەلەيدىغان تىك يانتۇلۇق بولۇپ، كۆز يەتكۈسىز چوڭقۇر جىلغىدا كۈمۈش يىپ تالاسىدەك كۆرۈنىدىغان يېتىمبۇلاق سۈيى پارقىراپ تۇراتتى. مەن ئالدىدا، دادام ئارقىدا كېتىپ باراتتۇق. ئارىمىزدا ئون ياكى ئون بەش قەدەم ئارىلىق بار ئىدى. ئىچىمدە: «بىچارە دادام، ھازىر نېمىلەرنى ئويلاۋاتقاندۇ؟ مەن بىلەن پاراڭلاشقۇسى بولسىمۇ، مەن ‹ھەئە، ياق› دېيىشتىن باشقا گەپ قىلمىغاندىكىن، بەلكىم تىلى بارماي پاراڭلىشىشتىن يالتايغاندۇ. ئاخشاملىقتا ئۇنىڭ بىلەن مۇڭدىشاي، ئۇنىڭدىن ئەپۇ سوراي...» دەپ ئويلىدىم.

ئايلانما چىقىل تاشتىن ئۆتتۈشۈمگە، تۇيۇقسىزلا قورام تاشلار ئارقىسىدىن ھۆركىرەپ چىققان ئادەمئېيىق

ئىككى پۇتلاپ كەلگىنىچە ماڭا ئېتىلدى. مەن قورقىنىمدىن نېمە قىلارىمنى بىلەلمەي مەڭدەپ قالدىم. ئېشىكىم ئارقىغا بۇرۇلۇپلا قاچتى. مەن بىلەن ئېيىقنىڭ ئارىلىقى ئىككى قەدەممۇ قالمىغان پەيتتە، ئېتىلىپ كەلگەن دادام مېنى پەس جىلغىغا كۆچەپ ئىتتىرىۋەتتى-دە، ئېيىقنىڭ ئالدىنى توستى.



مەن جىلغا ئاستىغا قاراپ شۇنداق يۇمىلىدىمكى، كېيىن ھېچنېمىنى سەزمەپتىمەن. بىر چاغدا كۆزۈمنى تەستە ئېچىپ قارىسام، تاغ ئاسمىنىدىكى ئاي كۆرۈندى. مەن ئېقىن بويىدا ئوڭدا ياتاتتىم. خاتىرەم تېزلا ئەسلىگە كەلدى. دادام بىلەن ئىككىمىز يېتىمبۇلاق تاغ قاپتاللىرىدا كېتىۋاتقان چېغىمىزدا، گۆگۈم چۈشكەن بولسىمۇ، ئاي تۇغمىغانىدى. شۇنىڭغا قارىغاندا، ئارىدىن بىرەر سائەت ئۆتكەن ئوخشىمامدۇ؟ مەن ئورنۇمدىن تۇرۇشۇمغا بېشىم پىرقىراپ، ئولتۇرۇپ قالدىم. جەينەك، تىزلىرىم قاتتىق ئېچىشىۋاتاتتى. ئادەمئېيىقنىڭ كۆرۈنۈشى يالت قىلىپ كۆز ئالدىمدىن ئۆتتى. دادام قانداق بولۇپ كەتكەندۇ، دېگەن قورقۇنچلۇق ئەندىشە مېنى ئورنۇمدىن دەس تۇرغۇزۇۋەتتى. كەنتكە بېرىپ ئوۋچىلارنى باشلاپ كېلەي دېسەم، ۋاق قالاتتىم. تىك تۆپىلىككە جان-جەھلىم بىلەن ياماشتىم. قانچىلىك ۋاقىتتا چىقىپ بولغىنىمنى بىلمەيمەن. چىغىر يول بويلاپ ئەسەبىيلەرچە «دادا! دادا!» دەپ ۋارقىراپ يۈگۈرمەكتە ئىدىم. ئاخىر ھېلىقى ئايلانما چېقىل تاشتىن ئۆتۈپ، تۆگە لوككىلىرىدەك چوقچايغان قورام تاشلار ئارىلىقىدىكى ئوت-چۆپلەر

ئۇستىدە پىرقىراپ، تېپىلىپ بىر ياللىقتا چىقىپ قالدىم - دە، چۆچۈپ ئارقىغا داجىدىم. چۈنكى، دادام بىر تۈپ قوڭغۇراقتىكەن تۇۋىدە ياتاتتى. ئۇنىڭ تىتىلغان تېنى پارچە-پارچە بولۇپ كەتكەن يەكتىكى ئارىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇراتتى. دادام گويا جاراھەتلىك يۈزىنى مەندىن يوشۇرغاندەك قوڭغۇراقتىكەن تەرەپكە قارىتۇالغانىدى.

— دادا! ...

مېيىت ئۇستىگە ئۆزۈمنى ئاتتىم...



كۆنۈكمە

1. تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.

1) «مەن» نېمە ئۈچۈن دادىسىغا قىزغىن مۇئامىلە قىلمىغان؟

2) دادا نېمىشقا ئۆز ھاياتىنى پىدا قىلدى؟

3) «مەن» دادىسىدىن كەچۈرۈم سورىيالىدىمۇ؟

4) دادىڭىز سىز ئۈچۈن نېمىشقا ناھايىتى قىممەتلىك؟

2. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى لۇغەتتىن تېپىپ، «لۇغىتىم»گە يېزىڭلار ۋە بىردىن جۈملە تۈزۈڭلار.



جەينەك،

تەندۇرۇس، جىگەرلىك، ئايانچىلىق، مۇدۇرۇپ ،

ئىرغىپ چۈش-، قاماللا-، تەۋرەنمەس، شاپائەت، مەڭدەپ قال-



3. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئۈلگە قىلىپ، ئاستى سىزىلغان سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسىگە جۈملە تۈزۈڭلار.

1) ئۆلگە: دادامنىڭ چىرايى يېقىمسىز ئىدى. شۇڭا ئۇنى بىر كىمنىڭ ئالدىدا «بۇ مېنىڭ دادام» دېگۈمىز كەلمەيتتى.

جۈملەم:

2) ئۆلگە: دادامنى ناھايىتى سېغىنغان ئىدىم. شۇڭا دائىم ئۇنىڭ يېنىغا بارغۇم كېلەتتى.

جۈملەم:

3) ئۆلگە: كەنتكە بېرىپ، ئوۋچىلارنى باشلاپ كېلەي دېسەم، ۋاق قالاتتىم.

جۈملەم:

4) ئۆلگە: دادام بىلەن مۇڭدىشاي دېسەم، ئۇ يوق.

جۈملەم:

4. تۆۋەندىكى ئىدىيوملارنىڭ مەنىسىنى تەھلىل قىلىڭلار ۋە جۈملە ئىچىدە قوللىنىپ بېقىڭلار.

ئۆپكىسى ئۆرۈل-:

ئىسسىق-سوغۇقلاردا ئۆت-:

تىلى بارماي:

مەڭدەپ قال-:

ئىچىدىن كۆيۈپ تۇگە-:

جان جەھلى بىلەن ياماش-



«سىز» ۋە «سىلى» سۆزلىرى



چوڭلارنى ھۆرمەت قىلىدىغان، قىزلارغا قوپاللىق قىلمايدىغان مىللىي ئۆرپ-ئادەتلىرىمىز، تىلىمىزدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. ئۆزىمىزدىن چوڭلارغا خىتاب قىلغاندا «سىز» ياكى «سىلى» دەيمىز. قىزلارغا ئاساسىي جەھەتتىن «سىز» دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

— ئاتا، قوللىرىدىكىنى مەن كۆتۈرەي، ھېرىپ قالمىسىلا.

— چوڭ ئانا، بۈگۈن نېمە تاماق يېگۈلىرى بار؟

— بوۋا، بۈگۈن سىلى نېمە تاماق يەيلا؟

— دادا! تاپشۇرۇقلىرىمنى كۆرۈپ باقامسىز؟



جالالىدىن بەھرام



جالالىدىن بەھرام (1942-2019) غۇلجا شەھرىدە بىر تىككۈچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى غۇلجىدا ئوقۇغاندىن كېيىن ئۈرۈمچىدە رەسسام كەسپىدە ئوقۇغان. ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، خوتەن ناھىيەسىنىڭ سەيشەنبە بازار ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن. كېيىن خەلق نەشرىياتىنىڭ گۈزەل-سەنئەت بۆلۈمىدە مۇدىر مۇھەررىرلىك خىزمىتىنى ئۆتىگەن.

ئۇنىڭ ئۇستا رەسسام ۋە داڭلىق يازغۇچى بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىدا دادىسىنىڭ ئالاھىدە مۇھىم تۆھپىسى بار.

شۇڭا، جالالىدىن بەھرام: «مېنىڭ يۇمران قەلبىمگە ئەدەبىيات-سەنئەت ئۇرۇقلىرىنى چېچىپ، رەسساملىق ۋە ئەدەبىيات بىخلىرىنى يېتىشتۈرگەن ئاتامنى ھەر دائىم مەمنۇنىيەت بىلەن ئەسلەيمەن...» دەيدۇ.

جالالىدىن بەھرامنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت پائالىيىتى 1963-يىلىدىن باشلانغان. ئۇ دەسلەپتە كىچىك تىپتىكى سەھنە ئەسەرلىرىنى يازغان. لېكىن، 1966-يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلىنىش بىلەنلا، ئۇنىڭ «ئۆمۈر خاتىرىلىرى» قاتارلىق پوۋېستلىرى ھەمدە ساقلاپ كەلگەن ئەتىۋارلىق كىتابلىرى بۇلاپ كېتىلىپ، ناھىيەنىڭ گۈلباغ رەستىسىدە كۆيدۈرۈلگەن. «ئۈششۈك تەگكەن» ۋە «قوشكۆل»لەردە ئىشلەشكە سۈرگۈن قىلىنغان.

جالالىدىن بەھرام ھېكايە، پوۋېست، رومان، تېلېۋىزىيە سىنارىيەسى قاتارلىق ژانىرلاردا مۇھىم ئەسەرلەر ئىجاد قىلغان ۋە گۈزەل-سەنئەت ساھەسىگە ئۆچمەس تۆھپە قوشقان مول-ھوسۇللۇق يازغۇچى ۋە سەنئەتكار. ئۇنىڭ «تاغ جۇدۇنلىرى»، «كونا قاپقان»، «ئامەت ۋە ئاپەت»، «تەكلىماكان ئوغلى»، «كۆمۈرچى بالا»، «مېھرىگىياھ»، «ناتىۋانلار»، «لېيىغان بۇلاق»، «قارا چايشاپلىق قىز» قاتارلىق ئەدەبىي ئەسەرلىرى بار. شۇنىڭدەك «قەدىمكى ئۇيغۇر ئۇۋچىلىرى»، «موللا مۇسا سايرامى»، «فارابى»... قاتارلىق نادىر رەسىملەرنى سىزغان. ئۇيغۇرچە، قازاقچە، قىرغىزچە، موڭغۇلچە، شىبەچە بەش يۈز پارچىدىن ئارتۇق كىتابنىڭ مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگەن ۋە مىڭلىغان قىستۇرما سۈرەت، نەقىشلەرنى ئىشلىگەن.

«ئانا مېھرى»ناملىق ھېكايىسى 11-نۆۋەتلىك «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن، بىرقانچە پارچە ئەسىرى ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تىل-ئەدەبىيات دەرسلىكلىرىگە كىرگۈزۈلگەن.

26- دەرس: مېنى تۇغقان كۈنىڭىزگە مۇبارەك بولسۇن!

ئۆمەر ئابدۇللا ئەرقۇت

(نەسر)

تۇغۇلغان كۈنۈمدە مەن ئۆزۈمنى ئەمەس، ئانامنى تەبرىكلەيمەن! دوستۇم، بۇنىڭغا ھەيران قالماڭ!

مەن تۇغۇلغان كۈنۈمنىڭ تېزرەك يېتىپ كېلىشىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈۋاتقان كۈنلەردە، ئانام ئەينى ۋاقىتتا، مېنىڭ ساق-سالامەت تەۋەللۇت بولۇشۇمنى تىلەۋاتقانىكەن. ھاياتلىقىمنىڭ، ئارزۇ-ئارمانلىرىمنىڭ يالقۇنلۇق سىمۋولى – ھايات شامىمنى ياندۇرۇۋاتقان بۇ ھاياجانلىق تۇغۇلغان خاتىرە كۈنۈمدە، ئانام مېنى يورۇق دۇنياغا ئاپىرىدە قىلىش ئۈچۈن ئۆلۈم بىلەن قەيسەرانە ئېلىشقانىكەن.

مەن ئۆزۈم ئۈچۈن كاتتا ئارمانلارنى تىلەپ، دوستلىرىم بىلەن خۇشال چاۋاك چېلىۋاتقان بۇ شادلىق كۈنۈمدە، ئانام مېنىڭ ئاچچىق ۋە دەھشەتلىك تولغاق ئازابىمنى يەپ، ھايات-مامات چېگراسىدا مەن ئۈچۈن جاپا چېكىپ، ماڭا ئۆزىنى بېغىشلىغانىكەن.



مەن تۇغۇلغان كۈنۈم ئۈچۈن ئۈچۈن شادلىنىپ، ھەممىنى ئۇنتۇپ، دوستلىرىم بىلەن قانغۇچە ئويناپ تەرلىگەن بۇ كۈندە، مېنى تۇغۇش ئۈچۈن ماجالى قالمىغۇدەك تىركىششتىن ئانامنىڭ پېشانىسىدىن تەر شۇرۇلداپ ئاققانىكەن.

مەن دوستلىرىمدىن چىرايلىق تۇغۇلغان كۈن سوۋغاتلىرىنى قوبۇل قىلىۋاتقان بۇ كۈندە، ئانام ئۆلۈم ۋەھىمىسىدە تۇرۇپ، دۇنياغا ئەڭ قىممەتلىك سوۋغىتىنى – مېنى تەقدىم قىلغانىكەن.

مەن تۇغۇلغان كۈنۈمنىڭ كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈلگەنلىكىدىن شادلانغان مۇشۇ كۈندە، ئانام مېنىڭ ۋە ئۆزىنىڭ ئامان-ئېسەنلىكىنى بىلىپ، مەڭگۈلۈك خۇشاللىققا چۆمگەنىكەن.

دوستۇم، ئەمدى چۈشەنگەنسىز، بىزنىڭ تۇغۇلغان كۈنىمىزدە ئانىمىز ئەڭ ئېغىر ئازاب چەككەن، ئۆلۈم بىلەن ئېلىشقانىكەن. شۇڭا بىز بۇ كۈندە پۈتۈن نىيەت-ئىقبالى بىلەن بىزنى ھاياتلىققا ئېرىشتۈرۈپ، يەنە بىزنىڭ بەختىمىز ئۈچۈن كۆلۈمسىرەۋاتقان ئانىلىرىمىزغا رەھمەت ئېيتايلى! قېنى، دوستۇم، ھەممەيلەن بىرلىكتە چىن مېھرىمىز بىلەن ئانىلارغا شۇئار ئايلى: مېنى تۇغقان كۈنىڭىزگە مۇبارەك بولسۇن!



كۆنۈكمە

1. تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.

1) «مەن» تۇغۇلغان كۈندە نېمە ئۈچۈن ئانىسىنى تەبرىكلەيدۇ؟

2) سىز تۇغۇلغان كۈنىڭىزدە ئانىڭىزغا رەھمەت ئېيتىپ باققانمۇ، سوۋغات بېرىپ باققانمۇ؟



نەسر:

ھېس-تۇيغۇلارنى ئاساس قىلىپ، نەسرىي شەكىلدە يېزىلغان تېكىستلەر، «نەسر» دەپ ئاتىلىدۇ. نەسر – خۇددى شېئىرغا ئوخشاش بىر ئەدەبىي ژانىردۇر.

3) يۇقىرىدىكى نەسرنى ئوقۇغاندىن كېيىن، قانداق تەسراتقا ئىگە بولدىڭىز ؟

4) ئانىڭىز سىز ئۈچۈن نېمىشقا ناھايىتى قىممەتلىك؟

2. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى ئاۋۋال پەرەز قىلىڭلار، ئاندىن لۇغەتتىكى مەنىسى بىلەن سېلىشتۇرۇڭلار. ئاخىرىدا لۇغەتتىكى مەنىسىنى «لۇغىتىم»گە يېزىڭلار. ئەڭ ئاخىرىدا بىردىن جۈملە تۈزۈڭلار.





تەبرىك، تاقەتسىزلىك، تەۋەللۇت، سىمۋول،

قەيسەرانە، ئارمان، ۋەھىمە، تەقدىم،

بېغىشلا-، چاۋاك

3. تۆۋەندىكى ئورتاق پائالىيەتنى سىنىپ بويىچە تەشكىللەپ بېقىڭلار.

پائالىيەت تەكلىپى:

سىنىپتىكى ھەممىيلەن ئۆزىمىز ياخشى كۆرىدىغان بىرىگە ئۆز قولىمىز بىلەن بىردىن سوۋغات تەييارلايمىز. ئالدىن ئاق قەغەزدىن پايدىلىنىپ، رەڭدار بىر ئاتكىرتكا تەييارلايمىز ۋە ياخشى كۆرگەن كىشىمىزگە ئەڭ گۈزەل تىلەكلىرىمىزنى، كۆڭۈل سۆزلىرىمىزنى بىلدۈرۈپ، بىر پارچىدىن سالام خەت يازىمىز. ياسىغان سوۋغىتىمىز بىلەن ئاتكىرتكىنى چىرايلىق ئوراپ، ئانىمىزغا سوۋغا قىلىمىز.

4. تۆۋەندىكى جۈملىلەردىن خاتا ياكى مۇۋاپىق ئىشلىتىلمىگەن سۆزلەرنى تېپىپ، تۈزىتىپ يېزىڭلار.



1) بىر پارچە سۈنئىي ئىسراپ قىلىشقا بولمايدۇ.

2) ئوۋچى ھەشەمەت بىلەن ئېتىلىپ كېلىۋاتقان يولۋاسنى كۆردى.

3) ئالدىڭىزدىكى يول قاتتىق، ماشىنىنى ئاستىراق ھەيدەڭ.

4) قىيىنچىلىق دەھشەتلىك بولسىمۇ، ئالغا قاراپ ئىلگىرىلەشنى توختاتمايمەن.

5) بىز ياشلار ھەممە ئىشتا ئۆلگىلىك ئەھمىيەت ئوينىشىمىز لازىم.

5. بوش ئورۇنلارغا بېرىلگەن سۆزلەرنىڭ مۇۋاپىقىنى تاللاپ يېزىڭلار.

1) كۆپكۆك ئاسماندا لەرزان بۇلۇتلار ___________.

(چايقىلاتتى، ئۈزۈپ يۈرەتتى، شۇڭغۇيتتى)


2) ئوقۇغۇچىلارنىڭ سەنئەت نومۇرلىرى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، زالدا ________ ئالقىش سادالىرى ياڭرىدى.

(شارىلداپ، گۈلدۈراس، شوخ)

3) ئوقۇتقۇچىمىز ھەمىشە بىزنى پارلاق كەلگۈسى ئۈچۈن قېتىرقىنىپ ئۆگىنىشكە ____________.


(تەقدىرلەيدۇ، ئىلھاملاندۇرىدۇ، سۆزلەيدۇ)

6. تېكىستكە ئىككى پەرقلىق ماۋزۇ قويۇڭلار.



27- دەرس: تۆت بۇرادەرنىڭ سۆھبىتى

(مەسەل)



بىر كۈنى كەچتە چېكىت، پەش، سوئال، ئۈندەش قاتارلىق تۆت بۇرادەر ئۆز رولى ھەققىدە قىزغىن بەس-مۇنازىرە قىلىپتۇ. بۇ مۇنازىرىدە بىرىنچى بولۇپ ئۈندەشجان سۆز ئېلىپ:

— ئاڭلاڭلار، ھەي بۇرادەرلەر، ھەي خالايىق! مەنسىز ھېچقانداق ئەسەر ئۆزىنىڭ بەدىئىي قىممىتىنى كۆرسىتىپ بېرەلمەيدۇ. مەن پۈتمەس-تۈگىمەس ھاياجانغا تولغانمەن، شۇڭا ئوقۇرمەنلەرنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈرەلەيمەن؛ ئۇلاردا كۈچلۈك مۇھەببەت، غەزەپ-نەپرەت قوزغىيالايمەن. ئەگەر مەن بولمىسام، ھەر كىم ئوقۇغان ئەسەرلىرىدىن ھېچقانداق ھۇزۇر ئالالمايدۇ؛ بەدىئىي ئەسەرلەر بىلەن باشقا ئەسەرلەرنىڭ پەرقىنىمۇ ئاجرىتىۋالالمايدۇ. شۇڭا، مېنىڭ بويۇم ھەممىڭلارنىڭكىدىن ئېگىز ۋە ئۆزۈممۇ قاۋۇل، — دەپتۇ كۆرەڭلىگەن ھالدا.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان چۆچۈرە قۇلاقنىڭ قېنى قىزىپ ھەم ئوتتۇرىغا سەكرەپ چىقىپ:

— نېمە دەيسىز؟ ئەسەردە ئەگەر مەن بولمىسام، قىزىق، چىگىش سوئال قويمىسام، ئوقۇرمەنلەر قانداق قىلىپ چوڭقۇر ئويغا پاتسۇن؟! قانداق قىلىپ ھېكمەت مېغىزىنى چاقسۇن؟! ھەرقانداق كىشى ئەسەر ئوقۇغاندا، چوقۇم «نېمە ئۈچۈن؟» دېگەننى ئويلايدۇ. شۇڭا، بۈگۈنكى پەننىڭ تەرەققىياتى پەقەت مەن ئارقىلىقلا مەيدانغا كەلگەن، — دەپتۇ.

ئېھتىمال، سوئالنىڭ سۆزى پەشكە ياقمىغان چېغى، شۇڭا ئۇ ئۆپكىسى سەل ئۆرۈلگەندەك بولۇپ، ئوتتۇرىغا چۈشۈپتۇ:

— ئاغىنىلەر! سىلەردە ئىنساب بارمۇ؟ ئەجەبا، ئىككىڭلار ئۆزۈڭلارنىلا ماختاپ، مېنىڭ تۆھپەمنى يوققا چىقارماقچىمۇ؟ ھەممىڭلارغا قارىغاندا ئەسەرنىڭ ماڭا كۆپرەك ئېھتىياجى چۈشىدىغانلىقىنى كىم بىلمەيدۇ؟ ئەگەر مەن ھەربىر دوقمۇشتا بىكەت قۇرمىسام، سۆز بىلەن سۆزنى ئايرىپ تۇرمىسام، لەخمەندەك ئۇزۇن جۈملىلەرنى نەپەس ئالماي، بىر تىنىقتا قانداقمۇ ئوقۇغىلى بولسۇن!؟ ئوقۇرمەنلەر ئوقۇپ چارچاپ كەتمەمدۇ؟ ھەتتا خاتا ئۇقۇم پەيدا بولۇپ، ئۆلۈم ئىشىمۇ كېلىپ چىقمامدۇ؟ نېمىشقا بۇنى نەزەرگە ئالمايسىلەر؟ — دەپ سۆزنى ئاخىرلاشتۇرۇپتۇ.

سورۇن ئەھلى غۇلغۇلا قىلىپ، چۇقان كۆتۈرۈشۈپتۇ. دەل شۇ چاغدا چېكىتنىڭ قېنى ئۆرلەپ، پەيلىنى بۇزۇپ سۆز باشلاپتۇ:

— ئەتىگەندىن بېرى تىنچ ئولتۇرسام، ھەممىڭلار سۆزلىدىڭلار. مېنىڭ ئىسمىمنى تىلغا ئېلىپمۇ قويمىدىڭلار. مەن يا مۇساپىر، يا يېتىم ئەمەسقۇ. ھەممىڭلارنىڭ دېگىنى بىمەنە قۇرۇق گەپ. مەن بولمىسام، ھېچقايسىڭلار كارغا كەلمەيسىلەر. ئەگەر كىمدەكىم مېنى ئۆز ئەسىرىگە قوشمىسا، تۆگمەس سەپەرگە راۋان بولىدۇ. ئۇ چاغدا سىلەرمۇ تىنىماي مېڭىپ، نىشانغا يېتەلمەي ئۆلۈپ قالىسىلەر، شۇڭلاشقا مېنى «چېكىت» دەيدۇ.

سورۇن بۇزۇلۇپ، بۇرادەرلەر بىر-بىرىگە قېيداپ، ھەر تەرەپكە قېيسىيىپتۇ. دەل مۇشۇ چاغدا گىراماتىكا بوۋاي ئالدىراپ-سالدىراپ يېتىپ كەپتۇ ۋە بۇ تۆت شاكىچىككە مۇنداق نەسىھەت قىلىپتۇ:

— شاكىچىكلەر، ھەممىڭلار ئوخشاشلا مۇھىم، سىلەرسىز يېزىلغان كىتاب، ئەسەر، ماقالە ... ھەممە ھەممىسىنىڭ بىر قىممىتى، ئەتىۋارى بولمايدۇ. خەلق ئىچىدە: «ئىش ئۆملۈكتە، كۈچ بىرلىكتە» دېگەن ماقال بار. بىرسىڭلار كەم بولساڭلار، بولمايدۇ. شۇڭا، سىلەردە بىر-بىرىڭلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ھۆرمەت قىلىپ، ئۆزئارا ھەمكارلىشىش روھى بولۇشى كېرەك. شۇ چاغدىلا ھەممە ئىشتا ئۇتۇق قازىنالايسىلەر.

گىراماتىكا بوۋاينىڭ گېپى ھەممەيلەنگە مايدەك يېقىپتۇ. ھەممە چىن كۆڭلىدىن قايىل بولۇپتۇ. دىلى يايراپ، شادلىقتا چۆمۈپتۇ. ئۇلار بىرلىكتە:

— قولنى قولغا تۇتۇشۇپ ئۇۋم بولۇپ، ئۆز مەجبۇرىيىتىمىزنى تولۇق ئادا قىلىپ، ئۆز خىزمىتىمىزدىن مول ھوسۇل ئېلىشقا تىرىشايلى، دېيىشىپتۇ .



كۆنۈكمە

1. تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.

1) تېكىستتىكى تۆت بۇرادەر كىملەر؟ بىز بۇلارنى ئۇيغۇر تىلىدا ئومۇملاشتۇرۇپ نېمە دەپ ئاتايمىز؟

2) چۆچۈرە قۇلاق كىم؟ ئۇ بولغان جۈملىلەر قانداق جۈملە ھېسابلىنىدۇ؟

3) پەشنىڭ رولى نېمە؟ ئەگەر پەش قويۇلمىسا، قانداق ھالەت شەكىللىنىشى مۇمكىن؟



گىراماتىكا

گىراماتىكا — تىل بىلىملىرى دېگەنلىكتۇر. ئۇ بىر تىلدىكى تاۋۇش، سۆز ۋە جۈملىلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بارلىق بىلىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

4) بۇ تۆت بۇرادەرگە ئەڭ ئاخىردا كىم نەسىھەت قىلدى؟

5) بۇ تۆت دوستنىڭ باشقا بۇرادەرلىرىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

2. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى ئاۋۋال پەرەز قىلىڭلار، ئاندىن لۇغەتتىكى مەنىسى بىلەن سېلىشتۇرۇڭلار. ئاخىردا «لۇغىتىم»گە يېزىڭلار. ئەڭ ئاخىردا بىردىن جۈملە تۈزۈڭلار.





بۇرادەر، بەس-مۇنازىرە، بەدنىيەت، ئوقۇرمەن،

ئېھتىمال، دوقمۇش، چۇقان، بىمەنە، قىيساي-،

ئۆم



3. تۆۋەندىكى ئىدىيوملارنىڭ مەنىسىنى يېشىڭلار ۋە جۈملە ئىچىدە ئىشلىتىڭلار.



ئويغا پات-:

مېغىزنى چاق-:

قېنى قىزى-:

پەيلىنى بۇز-:

مايدەك ياق-:

دىلى يايرا-:

4. تېكىستنىڭ مەركىزى ئىدىيەسى تۆۋەندىكى جۈملىدە بېرىلگەن. بۇ جۈملىدە ئورۇن ئالغان ماقالنى كۈندىلىك تۇرمۇشۇڭلارغا تەتبىقلاپ، چۈشەندۈرۈپ بېرىڭلار.

خەلق ئىچىدە: «ئىش ئۆملۈكتە، كۈچ بىرلىكتە» دېگەن ماقال بار. شۇڭا، سىلەردە كۈچ ۋە دىل بىرلىكى بولۇشى كېرەك. شۇ چاغدىلا ھەممە ئىشتا ئۇتۇق قازىنالايسىلەر.

5. تۆۋەندىكى ماقال- تەمسىللەرنى ئوقۇپ، مەنىسىنى يېشىپ بېرىڭلار.

1) ئادەمنىڭ كۆڭلى كۆپ بىلەن، ھايۋاننىڭ كۆڭلى چۆپ بىلەن.

2) تۇغۇلغان يەرنىڭ تېشى گۆھەر، سۈيى كەۋسەر.

3) بىلىم ئالمىغان ياش، تام تۈۋىدىكى تاش.

4) تىرىشچان كامال تاپىدۇ، ھۇرۇن زاۋال (تاپىدۇ).

5) كەمتەر بولساڭ ئۆتارسەن، مەغرۇرلانساڭ غۇلارسەن.



بىلىۋالاي

تىلشۇناس مىرسۇلتان ئوسمانوف



تۆھپىكار ئوقۇتقۇچى ۋە ئاتاقلىق تىلشۇناس مىرسۇلتان ئوسمانوف (2017-1929) قازاقىستاننىڭ يەركەنت شەھىرىگە قاراشلىق ئاقكەنت يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1932-يىلى مومىسى بىلەن غۇلجا ناھىيەسىگە تۇغقان يوقلاش ئۈچۈن كېلىپ، قايتىشىدا خىتاي بىلەن سوۋېت ئارىسىدىكى چېگرا تاقىۋېتىلگەچكە، ئاقكەنتكە قايتالماي، نوغايتۇغا ئورۇنلاشقان. غۇلجا گىمنازىيەسىدە ئوقۇغان. 1951-يىلى بېيجىڭ مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتى كەسپىدە ئوقۇشقا باشلىغان. ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئوقۇغان مەكتىپىدە، ئۈرۈمچىدىكى ئۇنىۋېرسىتېتتا، تىل-يېزىق كومىتېتىدا ئىشلىگەن.

ئۇستاز مىرسۇلتان ئەپەندى قازاقىستان، ياپونىيە، تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە ئىلمىي يىغىنلارغا قاتنىشىپ، تىل تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئىلىم دۇنياسىغا سۇنغان.

ئۇ ئۇيغۇر تىلى ۋە دىيالېكتلىرى تەتقىقاتىغا زور تۆھپىلەرنى قوشقان. ئۇ ۋەتىنىمىزدىكى خوتەن، قەشقەر، ئاقسۇ، قۇمۇل، تۇرپان، كورلا، لوپنۇر، ئالتاي قاتارلىق نۇرغۇن جايلاردا دالا تەكشۈرۈشى (تىل تەكشۈرۈش) ئېلىپ بېرىپ، ئۇيغۇر تىلى دىيالېكت-شېۋىلىرىنىڭ پەرقىنى ئايرىپ چىققان. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەلەپپۇز ۋە ئىملا قائىدىلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇشتا ناھايىتى كۆپ ئەجىر سىڭدۈرگەن. ئۇ يەنە ئۇستازى ئىبراھىم مۇتىئى ئەپەندى بىلەن بىللە، دالا تەكشۈرۈش ۋە خەلقنىڭ قولىدا ساقلانغان ماتېرىياللارنى تەتقىق قىلىش ئاساسىدا، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ مازىرىنى ئېنىقلاپ بېكىتكەن. بۇ ئۇنىڭ ئۇيغۇر خەلقىگە ئاتا قىلغان ئالاھىدە تۆھپىلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

ئالىم مىرسۇلتان ئوسمانوف ئەلشىر نەۋائىي ئەسەرلىرى، «تۈركىي تىللار دىۋانى» ۋە «قۇتادغۇ بىلىگ» قاتارلىق كلاسسىك نەمۇنىلىرىمىز توغرۇلۇق ئەڭ يېڭى ۋە دەۋر بۆلگۈچ ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان. ئۆزى يازغان ياكى باشقىلار بىلەن بىللە ئىشلىگەن بولۇپ جەمئىي ئون تۆت كىتابى نەشر قىلىنغان.

ئۇستاز مىرسۇلتان ئوسمانوف پۈتۈن ئۆمرىنى ۋە زېھنىنى ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتىغا بېغىشلىغان، ئۆز ۋەتىنىنى، مىللىتىنى چىن دىلىدىن ھەقىقىي سۆيگەن، ئۇيغۇرلارنىڭ پەخرلىك ئوغلانىدۇر.

28- دەرس: ئۇيغۇر تىلى بىلىملىرى: بايان جۈملە ۋە سوئال جۈملە

1. بايان جۈملە: مەلۇم بىر ئوي-پىكىرنى بايان تەرىقىسىدە ئىپادىلەيدىغان جۈملە «بايان جۈملە» دېيىلىدۇ. بايان جۈملىنىڭ مۇئەييەن ئوي-پىكىرنى تەستىقلاش ياكى ئىنكار قىلىش خاراكتېرى بولىدۇ. يېزىق تىلىدا بايان جۈملىلەردىن كېيىن چېكىت قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

مەن ماقالە يازدىم.

بىز بۈگۈن دوكلات ئاڭلىدۇق.

2. سوئال جۈملە: سوئال مەنىسىدىكى ئوي-پىكىرنى ئىپادىلەيدىغان جۈملىلەرنى «سوئال جۈملە» دەيمىز. يېزىق تىلىدا سوئال جۈملىدىن كېيىن سوئال بەلگىسى (؟) قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

كۈنلەر مۇشۇنداقلا ئۆتۈپ كېتەرمۇ؟

مۇئەللىمنىڭ قاچان قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى بىلەمسىز؟

— ئىسمىڭىز نېمە ؟

— ئالىم.

— ئالىم؟

— ھەئە.



مەشىق باغچىسى

1. تۆۋەندىكى دىيالوگنى ئوقۇپ، بايان جۈملە بىلەن سوئال جۈملىنى ئايرىپ، ئاخىرىغا مۇۋاپىق تىنىش بەلگىسىنى قويۇڭلار. ئاندىن ساۋاقداشلار سوئال-جاۋاب شەكلىدە بىرلىكتە ئوقۇڭلار.

— قورسىقى ئاچقان تۈلكە نەگە كىردى

— باغقا كىردى

— باغدا نېمىنى كۆردى

— باغدا مەي باغلاپ پىشقان ئۈزۈملەرنى كۆردى

– ئۇزۇملەرنى يېيەلىدىمۇ

– ياق، ئۈزۈملەرگە بويى يەتمەي، يېيەلمىدى

– ئاخىرىدا تۈلكە قانداق قىلدى

– ئاخىرىدا تۈلكە: «بۇ ئۈزۈملەر تېخى پىشماپتۇ، تولا ئۈزۈم چىشنى قامىتىدۇ» دېدى ۋە باغدىن چىقىپ كەتتى

2.تۆۋەندىكى ئۈرنەككە ئاساسەن بايان جۈملىلەرنى سوئال جۈملىگە ئۆزگەرتىڭلار.

ئۈرنەك: ئاكام بېرىلگەن تاپشۇرۇقلارنىڭ ھەممىسىنى ئىشلەپ بولدى.

جۈملەم: ئاكام بېرىلگەن تاپشۇرۇقلارنى ئىشلەپ بولدىمۇ؟

ئاكام نېمىنى ئىشلەپ بولدى؟

ئاكام تاپشۇرۇقلارنى قانداق قىلدى؟

1) مەن ھەر كۈنى سائەت ئالتىدە ئورنۇمدىن تۇرىمەن.

2) ساۋاقدىشىم بوش ۋاقىتلىرىدا كىتاب ئوقۇشنى ياخشى كۆرىدۇ.

3) باللار ھايۋانات باغچىسىغا باردى.

3. تۆۋەندىكى تېپىشماقلارنى تېپىڭلار. يەنە قانداق تېپىشماقلارنى بىلىسلەر؟ يېزىپ كېلىڭلار.

1) ئۆزۈم ئۇچلۇق بەك تىمەن،
ھەممىگە تون تىكىمەن.

2) ئۈق تەگسە تۆشىكى قالماس،
تىغ تەگسە ئىزى قالماس.
ئۇ بولماستىن ھېچقاچان،
جانلىقلار ياشىيالماس.



3) بۇرۇنقى زاماندا بىر تۆگىچى باي ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ كىشىلەردىن ئېلىشى بولسا، ئالىدىكەن، ھەرگىزمۇ ئالماي قويمايدىكەن. ئەمما، كىشىلەرگە بېرىشى بولسا: «تۆگە قۇيرۇقى يەرگە يەتكەندە ئالىسەن» دەپ، بەرمەيدىكەن.

ئۇنىڭ تۆگىلىرى ئىچىدىن ئۈچ يامان تۆگە چىقىپ قاپتۇ. بىرى ئادەم يەيدىكەن، بىرى تۆگە يەيدىكەن، يەنە بىرى توقۇم يەيدىكەن. باي بۇ ئۈچ تۆگىنى بىر يولىلا بازارغا ئاپىرىپ، سېتىۋەتمەكچى بوپتۇ. لېكىن بۇ تۆگىلەرنى بىر-بىرىگە قانداق چېتىپ،

شەھەرگە ئەكىرىشنىڭ چارىسىنى تاپالماپتۇ. مۇنداق تىزىپ يېتىلسە، ئادەم ئۆلىدىكەن، ئۇنداق تىزىپ يېتىلسە، بىر تۆگە ئۆلىدىكەن، قانداق قىلىش كېرەك؟ ھېچ بىلەلمەپتۇ. شۇ ئارىدا بىر تۆگىچى بوۋاي بۇنى ئاڭلاپ، باينىڭ يېنىغا كېلىپ:

— ئەگەر مەن بۇ تۆگىلەرنى شەھەرگە بىخەتەر ئاپىرىپ، سېتىپ كەلسەم، نېمە بېرىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئۈچ تۆگىنى يېتىلەپ بېرىپ، سېتىپ كېلەلىسىگە كۆزى يەتمىگەن باي بىر تۆگىنى بوۋايغا بېرىشكە ماقۇل بوپتۇ.

تۆگىچى بوۋاي باي بىلەن توختامنامە يېزىشىپ، ھېلىقى تۆگىلەرنى بىر-بىرىگە چېتىپ، خېيىم-خەتەرسىز شەھەرگە ئەكىرىپتۇ. ئۇ ئىككى تۆگىنى سېتىپ بېرىپ، بىرىنى ئۆزى مىنىپ، يولغا راۋان بوپتۇ. باي لېۋىنى چىشلىگىنىچە قاراپ قاپتۇ.

تېپىڭلارچۇ، تۆگىچى بوۋاينىڭ ئامالى قانداق بولغان؟

4. كۈندىلىك تۇرمۇشتا بىز تۆۋەندىكىدەك ئەھۋاللارنى ئۇچرىتىپ تۇرىمىز: يولدا كېتىۋاتقىنىمىزدا يېقىنلا يەردە ئەخلەت ساندۇقى بار بولسىمۇ، دوستىمىز شۆپۈكلەرنى قالايمىقان تاشلىغان بولۇشى مۇمكىن؛ تىياتىرخانىدا كۆپچىلىك جىم ئولتۇرۇپ ئويۇن كۆرۈۋاتقاندا، يېنىمىزدىكى ئىككىيلەن پاراڭغا چۈشۈپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن؛ بىر نەرسە ئېلىش ئۈچۈن كىشىلەر ئۆچرەتتە تۇرۇپ، ئۆز نۆۋىتىنى كۈتۈۋاتسا، بىرسى ئۆچرەتنىڭ ئەڭ ئالدىغا كىرىۋېلىشقا ئۇرۇنغان بولۇشى مۇمكىن؛ ئۆگىنىش مەكتەپتىن قايتقاندىن كېيىن ئېلېكترونلۇق ئويۇن ئويناپ، تاماق يېيىشنى ئۇنتۇپ قالغان، بۇ ئىش ئۇنىڭ ئۆگىنىشى ۋە تەن ساغلاملىقىغا تەسىر يەتكۈزگەن بولۇشى مۇمكىن. ...

شۇنىڭغا ئوخشاش ئەھۋاللارغا يولۇققاندا، ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇشىمىز كېرەك. تۆۋەندىكى سوئاللار بويىچە كۆز قارىشىڭلارنى سۆزلەپ بېقىڭلار.

1) باشقىلارنى قانداق ئىشتا قارىتا ئاگاھلاندۇرىمىز؟

2) ئاگاھلاندۇرغاندا قانداق سۆزلەرنى ئىشلىتىمىز؟

3) قانداق سۆزلىسەك، ئۈنۈملۈك بولىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن؟



نۇتۇق: مەلۇم بىر تېمىدا كۆپچىلىككە قارىتا سۆزلەنگەن سۆز «نۇتۇق» دەپ ئاتىلىدۇ. نۇتۇقنىڭ مەزمۇنىنىڭ تېما بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ئېنىق ۋە ئىخچام بولۇشى، سۆزلىگۈچىنىڭ ئۆزىگە ئىشەنگەن شەكىلدە تىك تۇرۇشى ۋە دۇدۇقلىماي، راۋان، ئورتاق ئەدەبىي تەلەپپۇز بىلەن سۆزلىشى، نۇتۇقنىڭ تەسىر كۆرسىتىش كۈچىنى ئاشۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

4. تۆۋەندىكى تېمىلاردىن بىرنى تاللاپ، جەدۋەلنى تولدۇرۇش ئارقىلىق بىر نۇتۇق تېكىستى يېزىڭلار.

بىز سىنىپ ھەيئەتلىرىنى قايتىدىن سايلىماقچى. سىز سىنىپ باشلىقى بولۇش ئۈچۈن ئۆزىڭىزنى نامزات كۆرسەتمەكچى.



باللارنىڭ بايراملىق بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتىدە، سىز سىنىپتىكى ساۋاقداشلىرىڭىزغا ۋاكالىتەن قىسقا نۇتۇق سۆزلىمەكچى.

مەھەللىدە ئۆتكۈزۈلگەن شاھمات مۇسابىقىسىدە چېمپىيون بولدىڭىز، تەقدىرنامە ئالغاندا تەسىراتىڭىزنى سۆزلىمەكچى.

ياشانغانلار ساناتورىيەسىگە بېرىپ ھال سورىغاندا، سىز ساۋاقداشلىرىڭىزغا ۋاكالىتەن سۆز قىلماقچى.

نۇتۇق تېكىستىنىڭ ماۋزۇسى	
بۇ نۇتۇق تېكىستىنى نېمە ئۈچۈن تەييارلايمەن؟	
نۇتۇقنى قايسى سۆز بىلەن باشلايمەن؟ (سالام بېرىش سۆزلىرى، ئۆزۈمنى تونۇشتۇرۇش)	
نېمىشقا نۇتۇق سۆزلىمەكچىمەن؟	
تېما بىلەن مۇناسىۋەتلىك تەسىر كۈچى بار ئۈچ جۈملەم: (1) نامزات: پىلانلىرىم (2) كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى: ئەھمىيىتى ۋە تەبرىكلىرىم (3) چېمپىيون: كۆڭۈل سۆزلىرىم (4)ھال سوراش: كۆڭۈل سۆزلىرىم	
نۇتۇقۇمنىڭ تۈگەنچىسىدە كىملەرگە رەھمەت ئېيتىماقچىمەن؟	

5. تۆۋەندىكى چۆچەكنى ئوقۇپ، چۈشەنچەڭلارنى سۆزلەپ بېرىڭلار.

كەكلىكلەر

(چۆچەك)



بار ئىكەن، يوق ئىكەن، ئۆتكەن زاماندا ئاق تاغنىڭ ئالدىدا، قارا تاغنىڭ كەينىدە بىر توپ كەكلىكلەر بولغان ئىكەن. ئۇلار بەك ئىناق ياشايدىكەن، دائىم ئۆزلىرىنىڭ قېرى باشلىقىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئىش ئىشلەپ بارىدىكەن.

كۈنلەردىن كۈنلەر، ئايلاردىن ئايلار ئۆتۈپتۇ. قېرى باشلىق بىر كۈنى ھەممە كەكلىكلەرنى ئۆز ئەتراپىغا يىغىپ، ئۇلارغا شۇنداق ۋەسىيەت قىپتۇ:

— باللىرىم، بىز ھازىرغىچە بەك ياخشى ياشاپ كەلدۇق. بىر-بىرىمىزنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئىش ئىشلەپ باردۇق. مانا كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر، بىزنىڭ ئارىمىزدا تا مۇشۇ كۈنگىچە ئۇرۇش-تالاش ياكى رەنجىش-ئاداۋەت ساقلاش دېگەن نەرسىلەر كۆرۈلمىدى. ئەمدى مېنىڭ ئىككى پۇتۇم گۆرگە ساڭگىلاپ قالدى. مۇبادا ئۆلۈپ كېتىپ قالسام، سىلەرگە قالدۇرىدىغان شۇ ئىككى ۋەسىيىتىمنى ئۇنۇتماڭلار:

بىرىنچى ۋەسىيىتىم: دائىم مۇشۇنداق ياشاڭلار، ئۇرۇشماڭلار، باشلىقىڭلارنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئىش ئىشلەپ بېرىڭلار.

ئىككىنچى ۋەسىيىتىم: مۇشۇ كۆرۈنگەن قارا تاغنىڭ ئارقىسىغا ئۆتمەڭلار. ئەگەر بەك ئۆتكۈڭلار كېلىپ كەتسە، ھەممىڭلار بىللە ئۆتۈڭلار، — دەپتۇ.

قېرى باشلىقنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان كەكلىكلەر:

— خاتىرجەم بولۇڭ ئاتا، دېگەنلىرىڭىزنىڭ ھەممىسىنى بەجا كەلتۈرىمىز، — دەپتۇ.

ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي قېرى كەكلىك ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يېڭى باشلىقىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن بۇرۇنقىدىنمۇ ياخشى كۈن كەچۈرۈپتۇ. بىر كۈنى چۈش مەزگىلى بىلەن كەكلىكلەر ئوۋدىن قايتىۋاتقاندا، ئارىسىدىن بىرسى ئايرىلىپ قاپتۇ. ئۇ كۆپ ۋاقىتلاردىن بېرى شۇنىلا ئويلايدىكەن: «نېمە ئۈچۈن ئاتىمىز بىزنى تاغنىڭ ئۇ قېتىغا ئۆتمەڭلار، دەيدۇ. بۇنىڭدا چوقۇم بىر گەپ بار، ‹كۆزۈڭنىڭ بارىدا شەھەر كۆر، چىشىڭنىڭ بارىدا گۆش يە› دەپتىكەن. تەۋەككۇل قىلىپ بىر ئۆتۈپ باقمايمۇ؟». ئۇ بۈگۈن شۇ ئارزۇسى ئۈچۈن راسا ئوبدان بىر پۇرسەت تۇغۇلغىنىغا خۇشال بولۇپ، قىن-قىنىغا پاتماي، قارا تاغقا قاراپ ئۇچۇپتۇ.

ئۇچۇپتۇ-ئۇچۇپتۇ، ئاز ئۇچۇپتۇ-كۆپ ئۇچۇپتۇ، ئاخىرى قارا تاغقا يېتىپ بېرىپتۇ. شۇنداق قارىغۇدەك بولسا، ھەممە ياق ياپيېشىل، سۇلار شارقىراپ ئېقىپ تۇرغان. بۇنى كۆرگەن كەكلىك: «ھە، ئاتىمىز بىزدىن بۇ يەرلەرنى قىزغىنىپ، شۇ قىزىل تاشلىق گىياھسىز تاغدىلا ئۆلۈپ كەتسۇن، دەپ ئويلاپتىكەن - دە!» دەپ ئىچ-ئىچىدىن تىت-تىت بولۇپ كېتىپتۇ. شۇنداق ئۇچۇپ كېتىپ بارسا، بىر يەردە بىر ئوچۇم قوناق چېچىلىپ تۇرغان ئىكەن. كەكلىكنىڭ نەپسى تاقىلداپ، شۇ قوناققا ئۆزىنى ئېتىپتۇ. دەل شۇ چاغدا، ئۇگدەپ قالغان ئۇۋچىنىڭ قولىدىكى يىپ سىلكىنىپ كېتىپتۇ. ئۇۋچى بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىسا، بىر كەكلىك قىلتاقتىكى قوناقنى يەۋاتقان ئىكەن. ئۇۋچى دەررۇ يىپنى تارتقان ئىكەن، كەكلىكنىڭ ئىككىلا پۇتى قىلتاققا چۈشۈپ قاپتۇ.

شۇ ۋاقىتتا ھېلىقى تاغدىكى كەكلىكلەر چۆرىدىشىپ ئولتۇرۇپ، بىر-بىرىنى ساناشقا كىرىشىپتۇ. قارىسا، بىر كەكلىك يوق. بۇلار شۇ كەكلىكنى ئىزدەش ئۈچۈن بىر كەكلىكنى ئەۋەتىپتۇ. ئۇمۇ بۇرۇنقى كەكلىك ئۇچقان يوللاردىن ئۇچۇپ كېلىۋېتىپ قارىسا، ھېلىقى كەكلىك پوكىنىنى يەرگە يېقىپ ياتقۇدەك. ئالدىدا قوناقلار چېچىلىپ تۇرۇپتۇ. ئىزدەپ كەلگەن كەكلىك: «ھە، بۇ داننى جىق يەۋېلىپ، ئۇچالماي قاپتۇ – دە» دەپ ئويلاپتۇ. ئۇ دەرھال كەكلىكنىڭ قېشىغا چۈشۈپ، تىنچلىقمۇ سوراشماي، چېچىلىپ كەتكەن قوناقلارنى تېرىپ يېيىشكە باشلاپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئۇۋچى: «ئۇھۇي! يەنە بىرنى تۇتتۇم!» دەپ خۇشال بولۇپ، قىلتاقنى بىر تارتىپتىكەن، ئۇنىڭ پۇتىمۇ قىلتاققا ئىلىنىپ قاپتۇ... ئۇۋچى ئىككىنى بەرگەن خۇدا ئۈچىنىمۇ بېرەر دەپ، يىپنى يەنە تۇتۇپ ئولتۇرۇپتۇ. بۇ ئىككى كەكلىك ئۆزىنى ئۇ ياق-بۇ ياققا تاشلاپ بېقىپتۇ، ئەمما قىلتاقتىن ھېچ قۇتۇلالماپتۇ.

كۈن ئاستا ئولتۇرۇشقا باشلاپتۇ. ئىككىلا كەكلىكتىن خەۋەر ئالالمىغان كەكلىكلەر ئاخىرى بۇلارنى تېپىش كويىغا چۈشۈپتۇ ۋە ھەممىسى قېرى ئاتىسىنىڭ ۋەسىيىتىنى يادىغا كەلتۈرۈپ، بىرلىكتە ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپتۇ. بۇلار ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ قارىسا، ئىككىلا كەكلىك دانلاپ تۇرغان... بىرئاز پەسلەپ، يەنە بىر سىنچىلاپ قاراپتىكەن، بۇلارنىڭ پۇتىدىكى قىلتاقلار ئوچۇقلا كۆرۈنۈپتۇ. بۇ بىر توپ كەكلىكنى كۆرگەن ئۇۋچىنىڭ خۇشاللىقتىن ئاغزى قۇلىقىغا يېتىپ، يۈرەكلىرى ھاياجاندىن دۈپۈلدەپ سوقۇپ كېتىپتۇ.

كەكلىكلەرنىڭ باشلىقى:

ــ قېرىنداشلىرىمىز قىلتاققا چۈشۈپ قاپتۇ. ھەممىمىز بىر يولىلا ئۆزىمىزنى قىلتاققا ئاتايلى-دە، بۇلارنى قىلتاقلىرى بىلەن كۆتۈرۈپ ئۇچايلى، ــ دەپتۇ.

دېگەندەك ھەممىسى گۇرۇلدەپ كېلىپ، قىلتاققا ئۆزلىرىنى ئۇرۇپتۇ. قىلتاقنى ئىككى كەكلىك بىلەن بىللىلا چىشلەپ، ئاسمانغا كۆتۈرۈپ چىقىپ كېتىپتۇ... بۇلارنى كۆرگەن ئۇۋچىنىڭ ئاغزى ئېچىلىپلا قاپتۇ... بىر ھازادىن كېيىن كەكلىكلەر ئۆزلىرىنىڭ ماكانلىرىغا يېتىپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ پۇتلىرىدىكى يىپلارنى چىشلىرى بىلەن قىيىپ ئۈزۈپتۇ ۋە قالغان ئۆمرىنى ھەممىسى بىرلىكتە خەتەرسىز، ئىناق ئۆتكۈزۈپتۇ.

مىللىي كىملىك

سەككىزىنچى بۆلەك


دەرسكە تەييارلىق

- سىز ئۇيغۇرلارغىلا ئائىت مىللىي خاسلىقلارنى بىلەمسىز؟
- سىز ئۇيغۇرلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك نېمىلەردىن پەخىرلىنىسىز؟

29-دەرس: ئۇيغۇر خەتتاتلىقى

نىياز كېرىم شەرقى

(چۈشەندۈرۈش ماقالىسى)



ئۇيغۇر خەتتاتلىقى ئۇيغۇرلارغا خاس بولغان، خەتنى گۈزەل يېزىش سەنئىتىدۇر.

خەتتاتلىق ــ يېزىقنىڭ بەدىئىيلەشتۈرۈلگەن شەكلى بولۇپ، ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تەرەققىياتى يېزىق بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان. يېزىق بولسا، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى. ئۇيغۇر خەلقى ئۇزاق تارىخ جەريانىدا، قەدىمكى تۈرك يېزىقى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، ئەرەب-پارس يېزىقى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر كونا يېزىقى ... قاتارلىق ئوخشىمىغان يېزىقلارنى قوللىنىپ، ئۆز تىلىنى خاتىرىلەپ، ناھايىتى كۆپ يازما يادىكارلىقلارنى قالدۇرغان.

ئورخۇن ۋادىسىدىن يېنسەي دەريا ۋادىلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا تىكلەنگەن تاش ئابىدىلەر، دۇنخۇاڭ، خېشى كارىدورى، تۇرپان ۋادىسىدىكى بېزەكلىك مىڭئۆي ئىبادەتخانىسى ۋە تارىم ۋادىسىدىكى بوستانلىقلاردىن ۋە قەبرىلەردىن تېپىلغان يازما ۋە تام رەسىملەردىكى يېزىقلارنىڭ ھەممىسى ئەجدادلىرىمىزنىڭ خەتتاتلىق سەنئىتىنىڭ بىرقەدەر يۇقىرى سەۋىيەدە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئىسلامىيەتتىن كېيىن بولسا، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى تەسۋىري سەنئىتىنى ئەرەب،

پارس يېزىقىدىكى خەتتاتلىق سەنئىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئۆز مىللىتى ۋە رايونىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئىگە خاس ئۇسلۇب يارىتىپ، ئېسىل خەتتاتلىق ئەسەرلىرىنى يېزىپ كەلگەن. بۇ ئەسەرلەر بۈگۈنگە قەدەر بىزگە يېتىپ كەلگەن تارىخىي كىتابلىرىمىزدا، مەسچىتنىڭ تاملىرى ۋە ئۈيۈقلىرىدا، نەزىر-چىراغ پەشتاقلىرىدا، قەبرە تاشلىرىدا، قەدىمىي قۇرۇلۇشلارنىڭ تاملىرىدا ۋە قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازما شەكلىدە كۇتۇپخانا ۋە مۇزېيلاردا ساقلانماقتا.

مەتبەئە كەشىپ قىلىنمىغان ۋە كىتاب بېسىش ئانچە راۋاجلانمىغان دەۋرلەردە خەتتاتلىقنىڭ رولى ناھايىتى چوڭ ئىدى. كىتابلار ئۇستا خەتتاتلارنىڭ مېھنىتى ئارقىلىق كۆچۈرۈلۈپ يېزىلىپ، كۆپەيتىلەتتى. شۇڭا ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ ئىجادىي ئەسەرلىرىنىڭ بىزگىچە يېتىپ كېلەلىشىدە، خەتتاتلىرىمىز كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان ئىدى. خەتتاتلىقنىڭ سەنئەت جەھەتتىكى قىممىتى، مەتبۇئات تەرەققىي قىلغان بۈگۈنكى كۈندىمۇ داۋاملاشماقتا. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ماقال-تەمسىل، ئەقلىيە سۆز، شېئىر قاتارلىق ئۇيغۇر مىللىتىگە خاس پىكىر سىستېمىسىنىڭ جەۋھەرلىرى مۇجەسسەملەنگەن قىسقا تېكىستلەر، خەتتاتلار تەرىپىدىن سەنئەت ئەسىرىگە ئايلاندۇرۇلۇپ، قىممەت قارىشىمىز ۋە مەدەنىيەت ئەنئەنىمىز كېيىنكى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈلمەكتە.

ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەردە، ئۇيغۇرلار ئىچىدىن ئاجايىپ يۇكسەك ماھارەتكە، قالتىس يۇقىرى تالانتقا ئىگە خەتتاتلار يېتىشىپ چىققان ئىدى. ھازىرقى زامان خەتتاتلىرى ئۆزگىچە قىياپەت بىلەن، ئەنئەنىۋىي خەتتاتلىق سەنئىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۈزلۈكسىز تۈردە ياخشىلاپ ۋە يېڭىلاپ، ئۇيغۇر خەتتاتلىقىنى ھەقىقىي تۈردە ئاممىباب سەنئەتكە ئايلاندۇردى.

سەنئەت ئەسىرى قىلىپ يېزىلغان سۆز-جۈملىلەر، «ھۆسنخەت» دەپ ئاتىلىدۇ. ھۆسنخەت — يېزىقتىن ئىشلەنگەن كەشتە. ئۇنىڭ كەشتىگە ئوخشاش چىرايلىق ئىشلەنگەن خىلمۇخىل نۇسخىلىرى بار. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر خەتتاتلىقىدا تۈز خەت، سۇلۇس خەت، نەسخى خەت، ئەسلىيە خەت، رۇقئى خەت، رەيھانى خەت، ئىجازەت خەت، تەئلىق خەت، كۇفى خەت، شەترەنجى خەت، دىۋانى خەت، جەللى دىۋانى خەت، ئۆۋۈئەم خەت، تەسۋىرىي خەت نۇسخىسى قاتارلىقلار بار. بۇ يەردە ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدىغان تۆت خىل نۇسخا ئۈلگە سۈپىتىدە بېرىلدى.



(2) تەئلىق خەت نۇسخىسى

بىلىم يېنىپ تۇرغان چىراغ،
ھۈنەر ئېقىپ تۇرغان بۇلاق.

— ھۆسنخەتنى ئابلىكىم ئەمەت يازغان

(3) تۆز خەت نۇسخىسى

تەدبىرىڭ قانداق بولسا،
تەغدىرىڭ شۇنداق بولۇر.

— ھۆسنخەتنى ئابلىكىم ئەمەت يازغان

(4) تەسۋىرىي خەت نۇسخىسى

— ھۆسنخەتنى ئابلىكىم ئەمەت يازغان



كۆنۈكمە

1. تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.

1) كىتاب بېسىش ئانچە تەرەققىي قىلمىغان مەزگىللەردە خەتتاتلىق قانداق رول ئوينىغان؟

2) ئۇيغۇرلارنىڭ خەتتاتلىق سەنئىتىگە ئائىت ئەسەرلەرنى قەيەرلەردە كۆرۈش مۇمكىن؟

3) هازىر ئۇيغۇر خەتتاتلىقى قانداق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەۋاتىدۇ؟

4) هۆسن خەتلەرنىڭ قانداق تۈرلىرى بار؟ ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدىغانلىرى قايسىلار؟

2. ئىسىم-فامىلەڭلارنى ئۆزۈڭلار خالىغان بىر خەت نۇسخىسىدا هۆسن خەت قىلىپ يېزىپ كېلىڭلار.

3. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى لۇغەتتىن تېپىپ، «لۇغىتىم»گە يېزىڭلار.



مەرىپەتپەرۋەر، ئۆزگىچە، ئاممىۋىي، چەمبەرچەس،

جەريان، بوستانلىق، ئۇسلۇب، راۋاجلان-،

ئېستېتىك، رول ئوينا-



4. تېكىستكە پەرقلىق ئىككى ماۋزۇ يېزىڭلار.

5. ئۈلگە سۈپىتىدە بېرىلگەن هۆسن خەتلەرنى كۆزىتىپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قانداق پەرقلەرنى بايقىغانلىقىڭلارنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

6. تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئۈلگە جۈملىدە كۆرسىتىلگەندەك، قارشى مەنىسى بىلەن بىللە جۈملە ئىچىدە قوللىنىڭلار.

ئۈلگە: ياخشى يامان: دۇنيانىڭ هەممە يېرىدە ياخشى يامان ئادەملەر بولىدۇ.

1) دوست:

2) ئىلگىرى:

3) ئىسسىق :

4) ئېغىر:

5) كونا:

6) ئوك:



بىلىۋالاي

ئۇيغۇر-سلاۋيان يېزىقى

ئۇيغۇرلار ھازىر دۇنيادىكى ئوخشىمىغان دۆلەتلەردە ياشاۋاتىدۇ. ئۇيغۇر نوپۇسى ئەڭ كۆپ بولغان جايلار شەرقىي تۈركىستاندىن قالسا، قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان، تۈركىيە قاتارلىق مەملىكەتلەردۇر. ھازىر دۇنيا مىقياسىدىكى ئۇيغۇرلار ئۈچ خىل يېزىق ئىشلىتىۋاتىدۇ. بۇلاردىن بىرسى ۋە ھازىرغىچە كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىلىۋاتقىنى كىتابىمىزدا قوللىنىلغان فونېتىكىلىق ئۇيغۇر-ئەرەب يېزىقىدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇر-لاتىن يېزىقىنىمۇ ئىشلىتىدىغانلار بار. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلار بولسا، ئۇيغۇر-سلاۋيان يېزىقىنى ئىشلىتىۋاتىدۇ. ئەڭ كۆپ كىتاب-ماتېرىيال نەشر قىلىنغان يېزىق — ئۇيغۇر-ئەرەب يېزىقى. ئۇنىڭدىن قالسا، ئۇيغۇر-سلاۋيان يېزىقى.

ئەگەر بىز تۆۋەندىكى رەسىمدە بېرىلگەن ھەرپلەرنى سېلىشتۇرۇپ، ئۇيغۇر-سلاۋيان يېزىقىنى ئۆگىنىۋالساق، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلار نەشر قىلغان نۇرغۇن قىممەتلىك ماتېرىياللارنى ئوقۇيالايمىز.

سلاۋيان يېزىقىدا جەدۋەلدىكىلەردىن باشقا يەنە تۆۋەندىكى ھەرپلەرمۇ ئىشلىتىلىدۇ:

يو	Ё (yo)
تس	Ц (ts)
(يۇمشاش) ش	Щ (shch)
يۇ	Ю (yu)
يا	Я (ya)
ئې	Э (e)
ئى	Ы (ı)
ئايرىش بەلگىسى	Ъ (ayrish belgisi)
يۇمشىتىش بەلگىسى	Ь (yumshitish belgisi)

Уйғур Елипбәси Uyghur Élipbesi ئۇيغۇر ئېلىپبەسى

پاقا پ Пақа п **Paqa p**	بېلىق ب Белиқ б **Béliq b**	ئەتلەس ئە Әтләс ә **Etles e**	ئات ئا Ат а **At a**
خوراز خ Хораз х **Xoraz x**	چەينەك چ Чәйнәк ч **Cheynek ch**	جۈمەك ج Җүмәк җ **Jümek j**	توشقان ت Тошқан т **Toshqan t**
ژۇرنال ژ Журнал ж **Zhurnal zh**	زەنجىر ز Зәнҗир з **Zenjir z**	راۋاب ر Раваб р **Rawab r**	دوپپا د Доппа д **Doppa d**
فونتان ف Фонтан ф **Fontan f**	غاز غ Ғаз ғ **Ghaz gh**	شىر ش Шир ш **Shir sh**	سائەت س Саәт с **Saet s**
ياڭاق ڭ Яңақ ң **Yangaq ng**	گۈل گ Гүл г **Gül g**	كالا ك Кала к **Kala k**	قوي ق Қой қ **Qoy q**
ھەرە ھ Һәрә һ **Here h**	نان ن Нан н **Nan n**	مۈشۈك م Мүшүк м **Müshük m**	لامپا ل Лампа л **Lampa l**
ئۈزۈم ئۈ Үзүм ү **Üzüm ü**	ئۆي ئۆ Өй ө **Öy ö**	ئۇسسۇل ئۇ Уссул у **Ussul u**	ئوت ئو От о **Ot o**
يولۋاس ي Йолвас й **Yolwas y**	ئىت ئى Ит и **It i**	ئېيىق ئې Ейиқ е **Éyiq é**	ۋېلىسىپىت ۋ Велисипит в **Wélisipit w**

ئەسكەرتىش: ئۇيغۇر لاتىن يېزىقى بەش قېتىملىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئارقىلىق 2001-يىل ئىيۇلدا بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن. ئەگەر «öÖ, üÜ, éÉ» لەرنى كىرگۈزۈشكە ئىمكانىيەت بولمىغاندا ماس ھالدا «oO, uU, eE» لەرنىمۇ ئىشلىتىشكە بولىدۇ. تەپسىلاتىنى http://www.ukij.org دىن كۆرۈڭ.

30-دەرس: ئانا تىلىم

شۈكۈر يالقىن



ئانا تىلىم، سۆيگەن تىلىم،
يۈرىكىمدىن كۆيگەن تىلىم.
خەلقىمىزنىڭ مېھرى سىڭگەن،
ماڭا بىلىم بەرگەن تىلىم.

تۇنجى قېتىم «ئانا» دېدىم،
سۆز قىلىشنى سەندىن بىلدىم.
مۇرادىمنى ھاسىل قىلدىم،
ئانا تىلىم، سۆيگەن تىلىم.

ئاشتى ساڭا ئىپتىخارىم،
بولغاچ ئۆزۈڭ دىلخۇمارىم.
سەن – سەن مېنىڭ تىل تۇمارىم،
ئانا تىلىم، سۆيگەن تىلىم.

مەھمۇد، يۈسۈپ، نەۋائىنى،
مەشرەپ، گۇمنام، سەدائىنى.
يېتىشتۈردۈڭ نىزارىنى،
ئانا تىلىم، سۆيگەن تىلىم.

ۋەتەن سۆيەر ئۇيغۇرىنى،
تەۋپىق، لوتۇن، نىم شېھىتنى.
قىلدىڭ ناتىق سەن ئۇلارنى،
ئانا تىلىم، سۆيگەن تىلىم.

مىڭلاپ ئەدىب يازدى كىتاب،
ھەربىر جۈملەڭ ياڭراق خىتاب.
دىل يورۇتتۇڭ بولۇپ ئاپتاپ،
ئانا تىلىم، سۆيگەن تىلىم.

ئۆزۈڭ مېنىڭ شەرەپشانىم،
قاندى بۈگۈن دىل ئارمانىم.
ئاشار سەندىن ئىقتىدارىم،
ئانا تىلىم، سۆيگەن تىلىم.

سەن ئارقىلىق بىلىم ئېلىپ،
تەبىئەتكە يۈگەن سېلىپ.
ماڭدۇق ئالغا جەۋلان قىلىپ،
ئانا تىلىم، سۆيگەن تىلىم.

كۈلدى گۈزەل سائادىتىم،
سېنى كۈيلەش چىن ئادىتىم.
ھەرقاچان سەن گاڭ قانىتىم،
ئانا تىلىم، سۆيگەن تىلىم.



كۆنۈكمە

1. شېئىردا ئانا تىلنىڭ مۇھىملىقى، ئۇنىڭ رولى ۋە ئەھمىيىتى قىزغىن مۇھەببەت بىلەن كۈيلەنگەن. شېئىرنى قايتا- قايتا ئوقۇپ، ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن مەزمۇننى يېزىپ چىقىڭلار.

2. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى ئاۋۋال پەرەز قىلىڭلار، ئاندىن لۇغەتتىكى مەنىسى بىلەن سېلىشتۇرۇڭلار. ئاخىرىدا «لۇغىتىم»گە يېزىڭلار. ئەڭ ئاخىرىدا بىردىن جۈملە تۈزۈڭلار.



مېھىر، ئىپتىخار، دىلخۇمار، تىلتۇمار، ناتىق، ئەدىب،
خىتاب، جەۋلان قىل-، سائادەت، كۈيلە-



3. شېئىردىن ئالغان تەسىراتىڭلارغا بىرلەشتۈرۈپ، ئانا تىلنى تىرىشىپ ياخشى ئۆگىنىشنىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدىكى چۈشەنچەڭلارنى قىسقىچە سۆزلەپ بېرىڭلار.

4. تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.

1) شائىر ئانا تىلنى قانداق سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىگەن؟
2) شېئىرنى كىم يازغان ئىكەن؟

3) شېئىردىكى قايسى مىسرالارنى ياقتۇردۇڭلار؟

4) شېئىردا ئىسمى تىلغا ئېلىنغان ئەدىبلەر كىملەر؟

5. شېئىرغا بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى ماۋزۇ قويۇڭلار.

6. تۆۋەندىكى ئىدىيومىلارنىڭ مەنىسىنى يېشىپ بېقىڭلار.



7. كېيىنكى دەرسكە «ئانا تىلىم — ئۇيغۇرچە» دېگەن تېمىدا بىر پارچە شېئىر يېزىپ كېلىڭلار.

31-دەرس:ئىلھام توختىنىڭ يەنە بىر يۈزى

ئابدۇۋەلى ئايۇپ

(خاتىرە)

ئالىي مەكتەپ ھاياتىمدا ئىلھام مۇئەللىمدىن كۆرگىنىم پەقەتلا دەرس ۋە لېكسىيەلىرىدىكى ئىلمىيلىكى ئىدى.

ئۇيغۇرلار خىتاي دۆلىتىنىڭ پۇقراسى تۇرۇقلۇق، خىتاينىڭ قانۇنىدا بەلگىلەنگەن ھەق-ھوقۇقلاردىن بەھرىمەن بولالمايتتى. يەر ئاستى ۋە يەر ئۈستى بايلىقلىرى تولۇپ تاشقان شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىگىلىرى تۇرۇقلۇق، ئومۇمەن نامراتلىق ئىچىدە ياشايتتى. دېھقانلار، چارۋىچىلار، باغۋەنلەر ۋە ھۈنەرۋەنلەر كېچە-كۈندۈز تىرىشىپ-تىرمىشىپ ئىشلىسىمۇ، باجنىڭ ئېغىرلىقىدىن چاپىنى تىزىدىن ئاشمايتتى. يۇقىرى مەلۇماتلىق ئىختىساس ئىگىلىرى بولغان نۇرغۇن ئۇيغۇرلار ئىشسىز ئىدى ياكى ئۆزىگە لايىق، كەسپىگە مۇۋاپىق بىر ئىشتا ئىشلەش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمەيتتى. ئىلھام مۇئەللىم لېكسىيەلىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي مەنپەئەتىگە چېتىشلىق مانا مۇشۇنداق مەسىلىلەرنى ئىقتىسادشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ناھايىتى ئىلمىي يوسۇندا تەھلىل قىلاتتى.

بىز ياشلار ئۇنىڭ خىتايچە ماقالىلىرىنى ئوقۇپ، لېكسىيەلىرىنى ئاڭلاپ، ئۆزئارا مۇلاھىزە قىلىپ، نۇرغۇن مەسىلىلەرنىڭ تېگىگە يەتكەن ئىدۇق. ئون يىللار ئۆتۈپ، مەنمۇ ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى بولغاندىن كېيىن، ھېچ كۈتۈلمىگەن بىر پەيتتە مۇئەللىمنىڭ يەنە بىر يۈزىنى بايقىدىم.

ئىلھام مۇئەللىم ئۆز خەلقىگە مېھرىلىك ۋە مۇلايىم بىر ئىلىم ئىگىسىلا ئەمەس، زالىملارغا ھەر قانداق يەردە، ھەرقانداق ۋاقىتتا قولىدىن نىمە كەلسە، شۇنىڭ بىلەن قارشى تۇرىدىغان، زەربە بېرىدىغان، قەھرلىك بىر ئەزىمەت ئىكەن.

2009-يىلى ئاپرېلدا بېيجىڭدا بىر مۇھاكىمە يىغىنىدىن بىللە قايتقان ئىدۇق. تۇيۇقسىز ئۇنىڭ قىزغىن پاراڭ سېلىشۋاتقان ئەپتى بۇزۇلۇپ، خىتايچە ئاغزىنى بۇزدى. مەن نىمە بولغاننى ئۇقۇپ بولغىچە، ماشىنىسىنى جايىدا توختاتتى ۋە كۆلۈچنى ئېلىپ چۈشۈپ كەتتى. مەنمۇ چۈشۈپ قارىسام، كەينىدىن كېلىۋاتقان بىر ماشىنىغا قاراپ كۆلۈچنى پۇلاڭلىتىپ ۋارقىرىغىلى تۇرۇپتۇ: «قارا! مەن سېنىڭ كىملىكىڭنى بىلمەن، ئىككى سائەت بولدى كەينىمگە كىرىۋالدىڭ. سېنى ئوبدان تونۇيمەن، قارا كۆزئەينەك تاقىۋالسام، ھېچكىم تونۇمايدۇ دېمە. چۈشە ماشىنىدىن! ئەركەك بولساڭ، كەينىمدىن ئەگەشمەي ئالدىمغا كەلمەمسەن! مېنى تەقىب قىلىپ، نەدىرەك سوقاي دېگەنتىڭ؟! مانا سوقە! ئالدىڭدا مەن!»

ئىلھام مۇئەللىمگە ئەگەشكەن ماشىنا بىرلا ئەمەس، يەنە بىرىمۇ بارمۇ، ياكى يولنىڭ توسۇلغىنىدىن ئىچى پۇشقان باشقا بىرىمۇ، ھېلىقى ماشىنىنىڭ كەينىدىكى يەنە بىر ماشىنىدىن ياش، ئېگىز، كاستيۇم-بۇرۇلكىلىق بىر يىگىت چۈشۈپ، سالا قىلىشقا باشلىدى. ئاڭغىچە كانايلار تاتاتلاپ، قۇلاق مېڭىلەرنى

يېدى. ئىلھام مۇئەللىممۇ بولدى قىلاي دېدىمۇ، ئاغزىنى بۇزۇپ، يەنە بىر ئىككى ئېغىز تىللاپ بولغاندىن كېيىن، ماشىنىسىغا چىقتى.

مەن غەزەپتىن تۈمۈردەك كۆكىرىپ كەتكەن مۇئەللىمنىڭ چىرايىغا ئۇنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغاندەك قاراپ كېتىپتىمەن. ئۇ: «سەت بولدى، ئالدىڭىزدا ئاغزىمنى بۇزۇپ تاشلىدىم. مۇشۇنداق بەك نېرۋامغا تېگىدۇ بۇ ناكەسلەر» دېگىنىچە ماشىنىسىنى ئوت ئالدۇردى. مەن بولسام، مۇنبەردە بىر تۇتقان قوللارنىڭ كۇلۇچنى قانداق سىقىمدىغانلىقىنى، دائىم ئىلىم ئەھلىگە لېكسىيە سۆزلەيدىغان ئېغىزلارنىڭ ناكەسلەرگە قانداق ھەيۋە قىلغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بولالماي، لال ئىدىم.

ئىلھام مۇئەللىمنىڭ قورقماس يۈرىكى، سۇنماس جاسارىتى، تىز پۈكمەس ئىرادىسى، ئەسلىدە ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ، رىزۋانگۈلنىڭ، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ، كۆك مايكىلىق قىزنىڭ... ھەممە، ھەممىمىزنىڭ قېنىغا سىڭىپ كەتكەن، يۈرىكىمىزگە ئورناپ كەتكەن ھېس-تۇيغۇلارنىڭ سىمۋولى ئىدى...



كۆنۈكمە

1. تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.

1) ئىلھام توختى كىم؟

2) ئىلھام توختىنىڭ تېكىستتە تىلغا ئېلىنغان «يەنە بىر يۈزى»، ئۇنىڭ قايسى يۈزى؟

3) ئىلھام توختى لېكسىيەلىرىدە ۋە ماقالىلىرىدە قايسى تېمىلارنى تىلغا ئالغان؟ نېمە ئۈچۈن؟

4) يازغۇچى نېمىشقا ئىلھام توختىنىڭ جاسارىتىنى ۋە تىز پۈكمەس ئىرادىسىنى، ھەممىمىزنىڭ ھېس-تۇيغۇسىنىڭ سىمۋولى دەيدۇ؟

2. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى لۇغەتتىن ئىزدەپ «لۇغىتىم»گە يېزىڭلار.



لېكسىيە، نامراتلىق، قەھرلىك، مۇھاكىمە يىغىنى، كۇلۇچ،

پۈلۈڭلات-، كەينىگە كىرىۋال-، ئاغزىنى بۇز-، قىزغىن





3. يۇقىرىدىكى سۆزلەرگە بىردىن جۈملە تۈزۈڭلار.

4. تۆۋەندىكى جۈملىلەردىن ئىدىيوملارنى تېپىپ، ئىشارەتلەڭلار ۋە مەنىسىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

1) ئاپامنىڭ قىلغان سۆزلىرى بۇ قۇلىقىمدىن كىرىپ، ئۇ قۇلىقىمدىن چىقىپ كېتىپتۇ.

2) سوغۇقتىن قىزنىڭ يۈزى ئاناردەك قىزىرىپ كەتكەنىدى.

3) كۈچۈكۈم قورسىقى ئاچقاندا، قۇيرۇقىنى شىپاڭشىتىپ كېتىدۇ.

4) سىنىپىمىزغا يېڭى كەلگەن ساۋاقدىشىمىزنى ئارىمىزغا ئېلىشىمىز كېرەك.

5) پۈتۈن ئۆمرىنى ئىشلەپلا ئۆتكۈزگەن مومامنىڭ قوللىرى تاياقتەك قاتتىق ئىدى.

6) ئىمتىھاندا يۈز ئالغانلىقىمنى بىلىپ، بېشىم كۆككە يەتتى.

7) ئۇ توختىماستىن ئانىسىنىڭ ئاغزىنى غېرىچلاپ، ھەممەيلەننى بىزار قىلىۋەتتى.

8) ئۇلار شۇنچە ئىشلىسىمۇ، چاپىنى تىزىدىن ئاشمايتتى.

9) كۆپچىلىك سالا قىلىپ، خاپىلىشىپ قالغان غەيرەت بىلەن يالقۇننى ياراشتۇرۇپ قويدى.

10) يەتتە ئۆلچەپ بىر كەس دېگەن گەپ بار، ئويلىشىپراق ئىش قىلايلى.



بىلىۋالاي

ھەققانىيەت كۈرەشچىسى پروفېسسور ئىلھام توختى

ئىلھام توختى 1969-يىلى ئاتۇشتا تۇغۇلغان بولۇپ، ئىقتىسادشۇناسلىق كەسپى بويىچە يېتىشىپ چىققان بىر ئاكادېمىك. ئۇ بېيجىڭ مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن. بۇ جەرياندا بىر ياقتىن خىتايدا ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر قاتارلىق ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا لېكسىيە سۆزلەش ئارقىلىق، ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنىدىكى يەر ئاستى ۋە يەر ئۈستى بايلىقلارنىڭ نېمىلەر ئىكەنلىكىنى، بۇلار ئاپتونوم رايون قانۇنى بويىچە ئىشلىتىلسە، ۋەتىنىمىزدىكى خەلقنىڭ تۇرمۇشىدا قانداق ياخشىلىنىش بولىدىغانلىقىنى؛ قانۇندا ئۇيغۇرلارنىڭ قانداق ھەق-ھوقۇقلىرىنىڭ بارلىقىنى، بۇلارنى تەلەپ قىلىپ، مىللەت سۈپىتىدە قەد كۆتۈرۈش كېرەكلىكىنى تەكىتلىگەن. يەنە بىر ياقتىن خىتايلارغا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنسانىيەت ئۈچۈن قوشقان تۆھپىلىرىنى، ئۇيغۇرلار كوللېكتىپ شەكىلدە، بىر مىللەت سۈپىتىدە ئۇچراۋاتقان ھەرخىل چەكلىمىلەرنى، دۆلەت تەرىپىدىن ئۇيغۇرلارغا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ناھەقچىلىك ۋە تەڭسىز مۇئامىلىلەرنى چۈشەندۈرگەن. ئۇ 2006-يىلى «ئۇيغۇربىز» تور بېتىنى قۇرۇپ، ئۇيغۇرلارغا ئائىت سەزگۈر ۋە ئۆتكۈر



مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان ماقالىلەرنى خىتايچە، ئىنگلىزچە تىللاردا ئېلان قىلىپ، بۇ ھەقتىكى ئىلمىي مۇنازىرىلەرنى جانلاندۇرۇپ، ناھايىتى كۆپ كىشىنىڭ ئۇيغۇر مەسىلىسىنى چۈشىنىشىگە ئىمكان ياراتقان.

2009-يىلى يۈز بەرگەن «5-ئىيۇل ئۈرۈمچى قىرغىنچىلىقى» مۇناسىۋىتى بىلەن چەت ئەل مۇخبىرلىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلىپ، ۋەقەنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان.

ئۇ ھەققانىيەت تەلەپ قىلىشتىن ۋە ئىنسانلارنى ئويغىتىشتىن قەتئىي ۋاز كەچمىگەن. 2014-يىلى 15-يانۋار كۈنى بېيجىڭدىكى ئۆيىدىن تۇتقۇن قىلىنىپ، ئارىدىن توققۇز ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، 23-سېنتەبىر كۈنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا سوت مەھكىمىسى تەرىپىدىن «دۆلەتنى پارچىلاشقا قۇتراتقۇلۇق قىلىش» جىنايىتى بىلەن ئەيىبلىنىپ، مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان.

ئىلھام توختى ئۇستاز، ئۇيغۇرلار ئۇچراۋاتقان ئادالەتسىزلىكنى تۈگىتىش ئۈچۈن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلغان. ئۇ چەت ئەللەردە «ساخاروف مۇكاپاتى»، «مارتېن ئاننالس كىشىلىك ھوقۇق مۇكاپاتى»، «ۋېيمار ئەركىنلىك مۇكاپاتى» ۋە «ئىسمايىل گاسپىرالى مۇكاپاتى» قاتارلىق ئوندىن ئارتۇق خەلقئارالىق مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، جەمئىي تۆت قېتىم «نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتى» غا نامزاتلىققا كۆرسىتىلگەن.

32-دەرس: ئۇيغۇر تىلى بىلىملىرى: بۇيرۇق جۈملە ۋە ئۈندەش جۈملە

1. بۇيرۇق جۈملە: سۆزلىگۈچىنىڭ بۇيرۇق، شوئار، چاقىرىق، ئۆتۈنۈش، ئۈمىد-تىلەك، مەسلىھەت مەنىسىدىكى پىكىرلىرىنى ئىپادىلەيدىغان جۈملىلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇيرۇق جۈملىلەرنىڭ خەۋىرى ئومۇمەن بۇيرۇق رايىدىكى پېئىللاردىن بولىدۇ.

بۇيرۇق، چاقىرىق، شوئار مەنىسىدىكى بۇيرۇق جۈملىلەر ئادەتتە كۈچلۈك ۋە كۆتۈرەڭگۈ ئاھاڭدا ئېيتىلىدۇ. يېزىقتا بولسا، بۇ خىلدىكى جۈملىلەردىن كېيىن ئۈندەش بەلگىسى (!) قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

مۇھىتنى قوغدايلى! (چاقىرىق)

ياشىسۇن ئەركىنلىك! (شوئار)

تېزدىن مەيدانغا يىغىلىڭلار! (بۇيرۇق)

ئۈمىد-تىلەك، مەسلىھەت، ئۆتۈنۈش مەنىلىرىدىكى بۇيرۇق جۈملىلەر پەسرەك ئاھاڭدا ئېيتىلىدۇ. يېزىقتا بولسا، بۇ جۈملىلەردىن كېيىن چېكىت (.) قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

ئوبدان بالام، ئۆيگە بالدۇرراق قايتىپ كېلىڭ. (ئۆتۈنۈش)

ئىشلىرىڭىز ئۇتۇقلۇق بولسۇن. (تىلەك)

تاپشۇرۇقلىرىڭىزنى ۋاقتىدا ئىشلىشىڭىز كېرەك. (مەسلىھەت)

2. ئۈندەش جۈملە: سۆزلىگۈچىنىڭ تۈرلۈك ھېسسىياتلىق ئوي-پىكىرلىرىنى ئىپادىلەيدىغان جۈملىلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئۈندەش جۈملىلەر كۆپ ھاللاردا ئىملىق سۆزلەر ياكى «ھە، دە، غۇ/ قۇ» قاتارلىق ھېسسىيات يۈكلىمىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا تۈزۈلىدۇ.

ئۈندەش جۈملىلەر كۈچلۈكرەك ئىنتوناتسىيەسىدە ئېيتىلىدۇ. يېزىقتا ئۈندەش جۈملىلەردىن كېيىن ئۈندەش بەلگىسى (!) قويۇلىدۇ. ئۈندەش جۈملىلەرنىڭ مەزمۇنى ئۇلارنىڭ تەركىبىدىكى ئىملىق سۆزلەر ياكى ھېس-تۇيغۇ يۈكلىمىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. مەسىلەن:

ۋاي ئىست، ھەجەپ بىلمەپتىمىز! (ئۆكۈنۈش)

ئاپلا، ئەسلى كەلمىسەم بوپتىكەن! (پۇشايمان)

بۇ يىل ئىمتىھاندىن ئۆتسەم نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى-ھە! (ئارزۇ-ئارمان)

ۋاي-ۋۇي، ھەجەپمۇ گېپى تۈگىمەيدىغان ئادەمكەن بۇ! (بىزار بولۇش)



مەشىق باغچىسى

1. تۆۋەندە بېرىلگەن جۈملىلەرنى پەرقلىق ئاھاڭدا ئوقۇپ، مەنە جەھەتتىكى پەرقىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

بۇ كىتابنى ئوقۇيمەن. — بۇ كىتابنى بىر ئوقۇۋالغان بولسام- ھە!

مۇئەللىم قايتىپ كەپتۇ. — ھەي، بۈگۈن دەرسكە قاتنىشالماي قالدىم- ھە!

ئۈزۈملەر پىشىپتۇ. — ئوھوي، ئۈزۈملەر پىشىپ كېتىپتىغۇ!

2. تۆۋەندىكى ئەسەرنى ئوقۇپ، ئاستى سىزىلغان جۈملىلەرنىڭ قانداق جۈملە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

ئەترگۈلگە باھا

قوشكېزەك قىزلار ئەترگۈل باغچىسىغا كىرىپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇلارنىڭ بىرى يۈگۈرگىنىچە قايتىپ چىقىپ، ئانىسىغا:

— ئانا، بۇ بەك ئەسكى جاي ئىكەن! – دەپتۇ.

— نېمىشقا ئۇنداق دەيسىز، قىزىم؟

— چۈنكى، بۇ يەردىكى گۈللەرنىڭ تىكىنى بار ئىكەن.

بىردەمدىن كېيىن يەنە بىر قىز يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئانىسىغا:

— ئانا، بۇ بەك ياخشى جاي ئىكەن! – دەپتۇ.

— نېمىشقا، بالام؟

— چۈنكى، بۇ يەردىكى تىكەنلەرنىڭ گۈلى بار ئىكەن.

ئانىسى بۇ گەپنى ئاڭلاپ، چوڭقۇر ئويغا پېتىپتۇ...

جاھاندا ھەممىلا نېمىنىڭ ياخشى تەرىپىمۇ، يامان تەرىپىمۇ بولىدۇ، مۇھىمى سىزنىڭ ئۇنىڭغا قانداق قارىشىڭىزدا.

3. تۆۋەندىكى بايان جۈملىلەرنى بۇيرۇق جۈملىگە ئايلاندۇرۇپ يېزىڭلار.

ئۈلگە: ساۋاقداشلار دەرسكە كېچىكمىدى.

ساۋاقداشلار، دەرسكە كېچىكمەيلى!

1) ئەكرەم ياخشى ئويلاندى.

2) قەيسەر قەلەمنى ماڭا بېرىپ تۇردى.

3) غېنى كىتاب ئوقۇدى.

4. تۆۋەندىكى سۆزلەرگە بۇيرۇق جۈملە تۈزۈڭلار.

ئوقۇ-:

ئۆرلە-:

بىرلەش-:

يىغلا-:

5. تۆۋەندىكى تېپىشماقلارنى تېپىڭلار. يەنە قانداق تېپىشماقلارنى بىلىسلەر؟ يېزىپ كېلىڭلار.



1) يېغى يوق ياندۇ،
جېنى يوق ماڭدۇ.

2) ئوتتۇز ئىككى ئاغىنە،
بىر كېمىردە ياشايدۇ.
ئىشقا چۈشسە ياندىشىپ،
بىللە كۈرەش باشلايدۇ.

6. يالقۇن روزى ھەققىدە ئىزدىنىپ، بىر چۈشەندۈرۈش ماقالىسى يېزىپ كېلىڭلار.

7. تۆۋەندىكى تېكىست قىرغىزىستاندىكى ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن نەشر قىلىنىدىغان «ئىتتىپاق» گېزىتىدىن ئېلىنغان خەۋەر. 128-بەتتىكى ئېلىپبە جەدۋىلىدىن پايدىلىنىپ تېكىستنى ئوقۇپ، چۈشەنچەڭلارنى سۆزلەپ بېرىڭلار.

УЙҒУР ТӘНҺӘРИКӘТЧИСИ НАРИМАН ҚУРБАНОВ ДУНИЯ МУСАБИҚИСИДӘ ЙӘНӘ АЛТУН МЕДАЛҒА ЕРИШТИ

Қ а з а қ с т а н д а туғулуп чоң болған вә Қазақстан дөлитигә вәкиллик қилип Дуния мусабиқилиригә қ а т н и ш и п, нәтиҗә қазинип келиватқан Нариман Қурбановниң



миллити уйғур болуп, униң н ә т и ж и л и р и д и н уйғурлар күчлүк пәхирләнмәктә.

Егилишимизчә, Нариман Қурбанов 1997-жили Алмута шәһиридә туғулған. Кичикидин гимнастика билән шуғулланған. У һәр жиллири өткән Дуния мусабиқилиригә қатнишип, чемпи он болған. У дәсләп дадисиниң қолида мәшиқләнгән. Униң дадиси Һүсәнжан Қурбановму тонулған гимнастикичи, Қазақстанниң

х и з м ә т көрсәткән тренери.

Гимнастикичи Нариман Қурбанов Қатар пайтәхти Доха шәһиридә өткән гимнастика

бойичә дуния мусабиқисидә биринчи болуп алтун медалға еришкән.

Нариман Қурбанов гимнастиканиң

атта оюн көрситиш түрини орунлашта 12.500 номур билән

биринчиликни егилигән. Иккинчи орунға

Ирландиялик тәнһәрикәтчи Рис Маккленаган, үчинчи орунға Арменриялик тәнһәрикәтчи Арутюн Мердинян егә болған.

لۇغەت

(ئىزاھات: (ئى.) : ئىسىم ، (پ.) : پېئىل، (سۈپ.) : سۈپەت، (رەۋ.) : رەۋىش، تىر.: تىركەلمە)

-ئا-

ئاتالغۇ: (ئى.) مەلۇم بىر ساھەگە ئائىت ئىسىم ياكى نام

ئارمان: (ئى.) دىلدىكى ئىستەك؛ ئۈمىد، ئىنتىلىش، ھەۋەس

ئارقا سەپ: (ئى.) بىرەر ئەمگەك ۋە خىزمەت ساھەسىدىكى ئارقا تەييارلىق مەيدانى

ئازادلىق: (ئى.) ھۆرلۈك، ئەركىنلىك

ئاغزىنى بۇز-: (پ.) سەت گەپ قىلماق، ھاقارەت سانىلىدىغان سۆزلەرنى ئېيتماق

ئالاھازەل: (رەۋ.) تەخمىنەن، قىياس قىلىنىشچە، مۆلچەرلىنىشچە

ئالدىراڭغۇ: (رەۋ.) دائىم ئالدىرايدىغان؛ ئالدىراقسان

ئالدىنقى سەپ: (ئى.) بىرەر ئەمگەك ۋە خىزمەت ساھەسىدىكى ئەمەلىي مەشغۇلات مەيدانى

ئامىۋى: (سۈپ.) ئامىمغا، كۆپچىلىككە ئائىت؛ ئاما، كۆپچىلىك تەرىپىدىن ياكى ئاما ئارىسىدا بېجىرىلىدىغان ئىش-ھەرىكەت

ئاھالە: (ئى.) مەلۇم بىر ئورۇندا، مەملىكەتتە ئولتۇراقلىشىپ ياشىغۇچى ئادەملەر توپى؛ خەلق

ئايانچلىق: (سۈپ.) روشەن، مەلۇم، ئېنىق

-ئە-

ئەدىب: (ئى.) ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يېزىش بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى؛ يازغۇچى، شائىر، قەلەمكەش

ئەرش: (ئى.) دىنىي چۈشەنچىلەردە پەلەكنىڭ ئەڭ يۇقىرى قىسمى، ئەڭ يۇقىرى ئاسمان

ئەزەل: (ئى.) باشلىنىشى نامەلۇم بولغان ۋاقىت، قەدىمكى زامان؛ قەدىم.

ئەلنەغمە: (ئى.) يەرلىك خەلق سەنئىتى، خەلق ناخشا-مۇزىكىلىرىنىڭ يىغىندىسى؛ ئەلنەغمە ئادەتتە مۇقام، مەشرەپ ۋە خەلق ناخشىلىرى ئاساسىدا

كوللېكتىپ ئىجرا قىلىندۇ.

ئەنئەنە: (ئى.) كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشتىكى ئۆرپ-ئادەت، ئەخلاق، ئىدىيە، ئىستىل، سەنئەت، تۈزۈم قاتارلىق تەرەپلەردە ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا، ئاتىدىن بالىغا قېلىپ كېلىۋاتقان، ئۆزگىچە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بىر خىل ئىجتىمائىي ئامىل.

ئەنئەنەۋىي: (سۈپ.) ئۇزاق زامانلاردىن بېرى ئەنئەنە بويىچە داۋاملىشىپ كەلگەن، ئەنئەنە بولۇپ قالغان، ئەنئەنىگە ئايلانغان، ئەنئەنىلىك.

ئەۋزەل: (سۈپ.) ياخشى، ئەلا، ئوبدان، ئارتۇق

-ب-

باراقسان: (سۈپ.) قويۇق، بۈك

بارخان: (ئى.) شامال، بوران قاتارلىق تەبىئەت ھادىسىلىرى تۈپەيلى پەيدا بولغان قۇم دۆۋىلىرى؛ دۆڭلۈك

بەدئىي: (سۈپ.) بەدئىي تىل، بىر مىللەتنىڭ مەخسۇس ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىلا قوللىنىلىدىغان ۋە ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەدەبىي تىل.

بەرپا قىل-: بارلىققا كەلتۈرمەك، ۋۇجۇدقا كەلتۈرمەك

بەس-مۇنازىرە: (ئى.) ھەركىم ئۆز پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويىدىغان قىزغىن مۇنازىرە، تالاش-تارتىش، دەتالاش

بوتقا: (ئى.) دەرەخ قوۋزاقلىرىنىڭ سۇدا قايناپ، يۇمشاپ، سۇ بىلەن ئارىلىشىپ كېتىشىدىن ھاسىل بولغان قويۇق نەرسە

بوستانلىق: (ئى.) دەل-دەرەخ ۋە يېشىللىققا تولغان جاي

بۇددا دىنى: (ئى.) دۇنيادىكى ئاساسىي دىنلارنىڭ بىرى. مىلادىيەدىن ئىلگىرى 5-، 6- ئەسىرلەردە ساكيامۇنى تەرىپىدىن يارىتىلغان. بەزى دىن مۇرىتلىرى تاش، ياغاچ، لاي، گەج ياكى مېتال قاتارلىقلاردىن ياسالغان ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ ھەيكەللىرىگە خۇدا دەپ بىلىپ، باش ئۇرىدۇ.

بۇرادەر: (ئى.) ئاكا-ئۇكا، ئاغا-ئىنىلەردەك يېقىن دوست؛ ئاغىنە.

بىغشىلا-: (پ.) 1. سەرپ قىلماق، تىكلىمەك، تەقدىم قىلماق، ئاتىماق؛ 2. بەخش ئەتمەك؛ بەرمەك؛ ئېلىپ كەلمەك؛ 3. ئاتاپ يازماق

بىپايان: (سۈپ.) پايانسىز، چېكى يوق، چېگراسىنى كۆرگىلى بولمايدىغان

بىمەنە: (سۈپ.) 1. مەنىسىز؛ 2. قۇرۇق سەپسەتىدىن ئىبارەت بولغان، تېتىقسىز، بولمىغۇر، ئورۇنسىز؛ 3. ئەقىلگە سىغمايدىغان، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس؛ ئاساسسىز

-پ-

پالاق: (ئى.) 1. تىكتاك توپ قاتارلىقلارنى ئۇرۇش ئۈچۈن ياغاچ ياكى باشقا نەرسىلەردىن مەخسۇس ياسالغان تەنتەربىيە سايمىنى؛ 2. كېمە، قولۋاقلارنى سۇدا ماڭدۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان، ياغاچ ياكى باشقا ماتېرىياللاردىن ياسالغان قورال-ئەسۋاب

پەدە: (ئى.) دۇتار، تەمبۇر، راۋاب قاتارلىق چەكمە چالغۇ ئەسۋابلارنىڭ دەستىسىدىكى ئاۋاز ئورنىنى بەلگىلەيدىغان بوغۇملار

پەيۋەست: (رەۋ.) 1. تۇتاش، تۇتاشقان، ئۇلانغان؛ 2. مۇتلەق ئارقىمۇ ئارقا، دائىما، ھەمىشە

پوچتىكەش: (ئى.) پوچتىخانىنىڭ خەت-چەك، گېزىت-ژۇرنال قاتارلىق نەرسىلىرىنى توشۇغۇچى خادىمى

پۇلاڭلات-: (پ.) ئىككى تەرەپكە سىلكىمەك، چايقىماق

پۈتۈك: (ئى.) 1. يېزىلغان، ئويۇلغان ياكى بېسىلغان يېزىق؛ 2. خەت، مەكتۇپ، قىسقا يازما

پىژغىرىم: (ئى.) ھاۋانىڭ قۇرۇق ھەم ئىسسىق بولۇشى، «پىژ» قىلىپ كۆيدۈرىدىغان ئاپتاپ

-ت-

تاسادىپىي: (رەۋ.) ئۇشتۇمتۇت، ئويلىمىغان يەردىن

تاقەتسىزلىك: (ئى.) تاقەت قىلالماسلىق، بىتاقەتلىك

تاك: (ئى.) كۈن چىقىشنىڭ ئالدىدىكى پەيت، سۈبھى، سەھەر

تەبرىك: (ئى.) قۇتلۇقلاش، مۇبارەكلەش

تەپەككۇر قىل-: پىكىر يۈرگۈزمەك، مۇھاكىمە قىلماق

تەسىر قىل-: تاشقى ئامىللارنىڭ جانلىق ۋە جانسىز بارلىقلاردا پەيدا قىلىدىغان سېزىمى، شەكىل، رەڭ، خۇسۇسىيەت، تېمپېراتۇرا ۋە باشقا جەھەتلەردە پەيدا قىلىدىغان ئۆزگىرىشلەر؛ تاشقى ئامىللارنىڭ ئادەم مېڭىسىدە قالدۇرغان ئىنكاسى

تەقدىم قىل-: بەرمەك، ئىنئام قىلماق؛ ھەدىيە قىلماق

تەلىمات: (ئى.) ئىلىم-پەن جەھەتتىكى سىستېمىلىق تەشەببۇس ياكى كۆزقاراش، نەزەرىيە

تەندۇرۇس: (سۈپ.) تېنى ساق، ساغلام

تەۋرەنمەس: (سۈپ.) يېقىلماس، سۇنماس ئىرادە

توغراق يېشىدا ياشا-: توغراقتەك چىداملىق

بولۇپ، ئۆزۈن ئۆمۈر كۆرمەك

تومۇر تۇت-: 1. قولنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ، كېسەلگە دىئاگنوز قويماق؛ 2. خۇي-پەيلىنى ۋە ئىنكاسىنى بىلىۋېلىش ئۈچۈن سىناپ باقماق

تومۇز ئىسسىق: ئەڭ ئىسسىق بولغان 6-8-ئاي ئارىلىقىدىكى مەزگىل

تۇران: (ئى.) 1. تۈرك خەلقلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەڭ قەدىمىي ۋەتىنىگە بەرگەن ئىسمى؛ 2. تۇرانچىلار ئۆزلىرىنىڭ غايىسى سۈپىتىدە قوبۇل قىلغان ۋە دۇنيادىكى بارلىق تۈركلەرنى بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق قۇرۇشنى ئارزۇ قىلغان دۆلەتنىڭ ئىسمى

تۇنجى: (سۈپ.) دەسلەپكى، بالدۇرقى، ئاۋۋالقى، بىرىنچى، بىرىنچى قېتىمقى

تۆھمەت: (ئى.) باشقىلارنى قارىلاش، ئەيىبلەش مەقسىتىدە ئويدۇرۇلغان ئاساسسىز گەپ-سۆز؛ بەتنام، بوھتان

تۆرلۈك: (سۈپ.) 1. مەلۇم تۆر، تارماق، خىلغا ئىگە بولغان؛ 2. بىر-بىرىگە

ئوخشىمايدىغان، ھەر خىل، خىلمۇخىل

تېبابەت: (ئى.) مىزاجقا ئاساسەن دورا ماتېرىياللىرى ئارقىلىق داۋالاش ۋە كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇلى ۋە ۋاستىلىرى

تېڭتىچلىق: (ئى.) چىقىپ كەتكەن، سۇنغان ئۇستىخانلارنى تېڭىش بىلەن شۇغۇللىنىش كەسپى

تىرىكچىلىك: (ئى.) تۇرمۇش كەچۈرۈش، جان بېقىش، ياشاش

تىلتۇمار: (ئى.) 1. كونا قاراش بويىچە كىشىلەرنىڭ تىلى تېگىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئىچىگە دۇئا پۈتۈلگەن قەغەز سېلىنغان تۇمار؛ 2. بارلىق يامانلىقنى يوق قىلىپ، ياخشىلىق بەخش ئەتكۈچى دەپ ئەتىۋارلاپ ساقلىنىدىغان نەرسە

تىلسىم: (ئى.) 1. سېھىر قىلىنغان، سېھىرلىك، ئاجايىپ-غارايىپ، سىرىنى بىلگىلى بولمايدىغان؛ 3. سىرى ئېچىلمىغان، سېھىرلەنگەن نەرسە ۋە شۇنداق جاي.

تىمتاس: (ئى.) جىمجىت، جىم

-ج-

جاسارەت: (رەۋ.) مەردانىلەرچە ئىش-ھەرىكەت؛ مەردلىك، باتۇرلۇق؛ جەسۇرلۇق

جەريان: (ئى.) ۋەقە ۋە ھادىسىلەرنىڭ يۈز بېرىش، ئۆزگىرىش ۋە راۋاجلىنىش داۋامىدىكى مۇساپىسى

جاھان: (ئى.) دۇنيا، كائىنات

جەڭ: (ئى.) 1. قوراللىق كۈچلەر ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش؛ ئۇرۇش؛ 2. قارشى تەرەپنى، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش ئۈچۈن قىلغان ھەرىكەت، كەسكىن كۈرەش

جەم قىل-: يىغماق، توپلىماق

جەۋلان قىل-: 1. ھەر تەرەپكە تاشلانماق؛

لەپىلدىمەك، پەرۋاز قىلماق؛ 2. ئىپادىلەنمەك، نامايەن بولماق

جەينەك: (ئى.) بىلەكنىڭ (قول بېغىشى بىلەن مۈرىنىڭ ئارىسىدىكى قىسمىنىڭ) ئىگىلىدىغان، ئىگىلگەندە بۇلۇڭ هاسىل قىلىدىغان جايى

جىگەرلىك: (سۈپ.) جىگىرى بار، جۈرئەتلىك، قورقماس، غەيرەتلىك

-چ-

چاقىرىق: (ئى.) 1. پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ياكى قۇرۇلتاي تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان مۇراجىئەت ؛ تەشەببۇس 2. بىر يەرگە كېلىشكە چاقىرىپ، ئەۋەتكەن ئۇقتۇرۇش

چاۋاك: (ئى.) ئىككى ئالىقاننىڭ بىر-بىرىگە ئۇرۇلۇشى

چەبدەس: (سۈپ.) ئىش-ھەرىكىتى تېز، چاققان، تېتىك، ئەپچىل

چەمبەرچاس: 1. (رەۋ.) چاپراس قىلىپ، يېشىلىپ كەتمەيدىغان قىلىپ، مۇستەھكەم، پۇختا (تاڭماق، باغلىماق)؛ 2. (سۈپ.) مۇستەھكەم، زىچ، چىڭ

چوقان: (ئى.) ۋاراڭ - چۇرۇڭ ئاۋاز؛ سۈرەن

چۆرە: (ئى.) نۇقتا قىلىنغان جاينىڭ يېقىن تەرەپلىرى؛ ئەتراپ

چۆكۈندى: 1. (سۈپ.) چۆكۈش ئارقىلىق ھاسىل بولغان چۆكمە؛ 2. (ئى.) ئېقىنلارنىڭ سۇ، شامال ئارقىلىق چاقىرلىدىغان سۇ ئارقىلىق ئاستىغا ئاستىلىغاندا، سۇ تەركىبىدىكى مىنېرال ماددىلار، قۇم-شېغىللار ۋە باشقا لاي-لاتقىلارنىڭ سۇ ئاستىغا چۆكۈشى بىلەن ھاسىل بولغان ئارىلاشما ماددا

چىتىشلىق: (سۈپ.) چېتىلغان، مۇناسىۋىتى، ئالاقىسى بار؛ مۇناسىۋەتلىك؛ ئالاقىدار، باغلىنىشلىق

چىدىر: (ئى.) كىگىز، رەخت ياكى كاناپ قاتارلىقلاردىن ياسالغان ئۆي

چىۋىق: (ئى.) سۆگەت قاتارلىقلارنىڭ يېڭى ئۆسكەن، يۇمران ۋە ئىنچىكە شېخى

-خ-

خالىس: (سۈپ.) ھەق تەلەپ قىلمايدىغان، ھەق ئالمايدىغان، ھەقسىز؛ چىن كۆڭۈلدىن

خۇسۇسىيەت: (ئى.) بىرەر نەرسە ياكى بىركىمنىڭ ئۆزىگە خاس، باشقىلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان تەرىپى؛ ئۆزىگە خاس بەلگىسى، ماھىيىتى

خىتاب: (ئى.) قارشى تەرەپكە ياكى باشقىلارغا قىلىنغان سۆز، نۇتۇق، چاقىرىق، مۇراجىئەت

خىلۋەت: (سۈپ.) كۆپ كىشى بارمايدىغان؛

ئادەملەردىن، كۆزدىن يىراق؛ ھېچ كىم كۆرمەيدىغان، خالىي؛ چەت، ياقا (يەر-جاي-ھەققىدە)

-د-

دەلىل: (ئى.) مەلۇم بىر ئىش، ۋەقە، ھادىسە ياكى ئوبيېكتنىڭ راست، توغرا ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان رېئال ئەھۋال ۋە ئەمەلىي نەرسە؛ ئاساس، پاكىت، ئىسپات

دوقمۇش: (ئى.) يولنىڭ مەلۇم لىنىيە بويىچە ئېگىلگەن، بۇرالغان جايى

دۇردانە: (ئى.) 1. ئېسىل، چوڭ ئۈنچە-مەرۋايىت؛ 2. بىباھا، قىممەتلىك نەرسىلەر

دىلخۇمار: 1. (ئى.) كۆڭۈل تارتقان، كۆڭۈل سۆيگەن كىشى ياكى نەرسە؛ 2. (سۈپ.) ئامراق، مەھلىيا، مەپتۇن

-ر-

راۋاج: (ئى.) بىرەر ھالەتتىن ئىككىنچى بىر يۇقىرى ياكى يۈكسەلگەن ھالەتكە ئۆتۈش؛ تەرەققىيات، ئۆلغىيىش

رەقىب: (ئى.) 1. رىقابەتلىشىش خاراكتېرىنى ئالغان مۇسابىقە ئويۇنلىرى، تالاش-تارتىش، بەس-مۇنازىرە ۋە شۇ قاتارلىقلاردىكى قارىمۇقارشى تەرەپ، بىر-بىرىگە كۆرە ئۆزئارا رىقابەتلەشكۈچى؛ 2. دۈشمەن، ياۋ

رەھبەر: (ئى.) يولباشچى، باشلىق، تەلىم-تەربىيە بەرگۈچى، يولىيورۇق كۆرسەتكۈچى ؛ ئۇستاز

رول ئوينا-: ئۆز تەسىرىنى، خىزمىتىنى نامايەن قىلماق؛ تەسىر كۆرسەتمەك، خىزمەت قىلماق

رىسالە: (ئى.) بىرەر ساھە، بىرەر كەسىپ ۋە ئۇنىڭ تەرتىپ، قائىدە-قانۇنلىرىغا ئائىت كىتابچە، براشۇر

رىقابەت: (ئى.) ئىككى ياكى بىرقانچە تەرەپ ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان پايدا-مەنپەئەت، بازار ۋە ئۇستۇنلۇك تالىشىش كۈرىشى؛ بەسلىشىش؛ مۇسابىقە

رىۋايەت: (ئى.) مەلۇم كىشى، نەرسە، ئىش ياكى مەلۇم ۋەقە توغرىسىدا خەلق ئارىسىدا قەدىمدىن تارتىپ، ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ كەڭ تارقىلىپ كېلىۋاتقان ئاغزاكى ھېكايە؛ ئەپسانە

-ز-

زاپاس: (ئى.) 1. كەلگۈسىدە پايدىلىنىش ئۈچۈن تەييارلاپ، غەملەپ قويۇلغان ياكى ئاجرىتىلغان نەرسە؛ 2. قىزىلما بايلىقلىرىنىڭ يەر ئاستىدىكى تەبىئىي مىقدارى

زەرەتلە-: (پ.) مۇسبەت-مەنفى ئىككى قۇتۇپ پەيدا بولىدىغان ئېقىنلاشقاندا، ئېلىكتىر دولقۇنىدىن پايدىلىنىپ ئېنېرگىيە هاسىل قىلماق

زەررە: (ئى.) 1. ماددىلارنىڭ ئەڭ كىچىك پارچىسى؛ 2. (سۈپ.) ئىنتايىن ئاز، بەك كىچىك، كىچىككىنە

زەھەرلىك: (سۈپ.) 1. زەھىرى بار، زەھەرلەيدىغان 2. كۆچمە. زەھەرلىك گە(پ.) زەھەرلىك قارىماق

زەن قوي-: پۈتۈن دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرمەك

زىلۋا: (سۈپ.) نازۇك، ئىنچىكە، ئەۋرىشىم

-س-

سائادەت: (ئى.) زور بەخت، پارلاق ئىستىقبال

سازاۋەر: (سۈپ.) ياخشى باھا ۋە مۇئامىلىگە لايىق، مۇناسىپ؛ مۇيەسسەر

سالاھىيەت: 1. جەمئىيەتتە تۇتقان ئورنى، نوپۇزى، ئابرويى؛ 2. كىملىكنى بىلدۈرىدىغان ئالاھىدىلىك، بەلگە

سەپ: (ئى.) 1. كىشىلەرنىڭ مەلۇم تەرتىپتە تىزىلغان قاتارى؛ 2. مەلۇم مەقسەتتە ئۇيۇشقان كىشىلەر توپى، تارماق، ساھە؛ 3. جەڭ ياكى كۈرەشتە بىر رەھبەرلىك ئاستىدا تەشكىللەنگەن قوشۇن ۋە مۇشۇنداق قوشۇن ئورۇنلاشقان جاي

سەرپىيات: (ئى.) خىراجەتلەر، چىقىملار

سۈرلۈك: (سۈپ.) 1.قورقۇنچلۇق، ۋەھىملىك؛ 2. سۈرى بار، سالاپەتلىك

سۈنئىي: (ئى.) تەبىئىي شەكىلدە پەيدا بولمىغان، كىشى ياكى ئەسۋاپ ئارقىلىق ياسالغان (نەرسە)

سىپتا: (سۈپ.) 1. نىپىز، قىلىن ئەمەس، يۇپقا؛ 2.سىلىق، چىرايلىق

سىلاۋيان: (ئى.) رۇس قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئومۇمىي نامى ۋە ئۇلار قوللىنىدىغان تىلنىڭ، يېزىقنىڭ نامى

سىرلىق: (سۈپ.) 1. قانداقتۇر بىر سىر يوشۇرۇنغان، مەلۇم سىرى بار، مۆجىزىلىك؛ 2. باشقىلاردىن سىر تۇتۇلغان ياكى باشقىلار بىلىپ قالسا بولمايدىغان؛ مەخپىي، يوشۇرۇن؛ 3. سىرنى بىلىپ بولغىلى بولمايدىغان

سىستېما: (ئى.) 1. تەركىبىي قىسىملارنىڭ ئۆزئارا ئورگانىك باغلىنىپ، پىلانلىق رەۋىشتە جايلىشىشىغا ئاساسلانغان تەرتىپ؛ 2. ئوخشاش تىپتىكى شەيئىلەرنىڭ مەلۇم مۇناسىۋەتتە تەشكىللىنىشى ئارقىلىق شەكىللەنگەن پۈتۈنلۈك

سىمۋول: (ئى.) بىرەر غايە، چۈشەنچە، ھادىسە ۋە شۇ قاتارلىقلارنى ئىپادىلەيدىغان،

ئەسلىتىدىغان باشقا خىل نەرسە، ھادىسە ياكى شەرتلىك بەلگە

سىناق قىل-: بىر نەرسىنىڭ توغرا خاتالىقىغا ياكى ياخشى يامانلىقىغا قارار بېرىش ئۈچۈن ئىشلىتىپ باقماق

-ش-

شاپائەت: (ئى.) قوللاپ قۇۋۋەتلەش، ھمايىسىگە ئېلىش؛ ياردەم؛ ياخشىلىق

شاھىت: (ئى.) بىرەر ئەھۋالغا (ۋەقە، ئىش-ھەرىكەت ياكى پائالىيەتكە) بىۋاستە قاتناشقان، كۆرگەن ئادەم

شۆھرەت: (ئى.) ياخشىلىق بىلەن خەلقنىڭ ئىچىدە ئېرىشىلگەن نام-ئابرۇي، ئىناۋەت؛ ئاتاق، داڭق

شىددەتلىك: (سۈپ.) شىددەت بىلەن پەيدا بولغان، بولۇۋاتقان ياكى بولىدىغان؛ قاتتىق، كەسكىن، كۈچلۈك

شتاب: (ئى.) 1. ھەربىي قىسىملارنىڭ قوماندانلىق ئورگىنى؛ 2. كۆچمە. يەرلىك ئورۇنلاردىكى بىرەر ئىنشائات ياكى قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان فۇنكسىيەلىك ئورگان، رەھبەرلىك ئاپپاراتى

-ف-

فوتوسىنتېز: (ئى.) يېشىل ئۆسۈملۈكلەر خلوروفىلىنىڭ كۈن نۇرىدا سۇ بىلەن كاربون (4) ئوكسىدنى سىنتېزلاپ ئورگانىك ماددىلارنى ھاسىل قىلىش ھەم ئوكسىگېننى چىقىرىۋېتىش جەريانى

فورمات: (ئى.) ئۆلچەم، قېلىپ

فونېتىكىلىق: (ئى.) تىل تاۋۇشلىرىنىڭ باغلىنىشى

-ق-

قاقشال: 1. (سۈپ.) بەك قۇرۇپ كەتكەن، ناھايىتى قۇرۇق؛ 2. (ئى.) قۇرۇپ شاخ ۋە يوپۇرماقلىرى قالمىغان دەل-دەرەخ، يۇلغۇن، چاتقال ۋە شۇ قاتارلىق نەرسىلەر؛ 3. (سۈپ.) كۆچمە. ئورۇقلۇقىدىن بىر ئەت-بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان؛ قۇرۇق ئۇستىخان، ناھايىتى ئورۇق، ئاۋاق

قاغجىرىغان: بەك ئۇسساپ قۇرۇپ كەتكەن

قاماللا-: (پ.) قولىنىڭ بەش بارمىقى بىلەن سىقىمداپ تۇتماق، چاڭگاللىماق

قامۇس: (ئى.) مۇكەممەل، تولۇق لۇغەت، ئېنسىكلوپېدىيەلىك لۇغەت

قائىدە: (ئى.) ئادەت، يوسۇن: قەدىمدىن قالغان قائىدە، تەرتىپ، قانۇن، تۈزۈم

قايتۇرما زەربە: (ئى.) قارشى تەرەپكە بېرىلگەن ئەجەللىك ھوجۇم

قەلەم ھەققى: يېزىقچىلىق، تەھرىرلىك ۋە تەرجىمانلىق قاتارلىق ئىشلارنى قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ئەمگەك ھەققى

قەلب تۆرى: ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشىلەرنىڭ كۆڭۈللەردە ئىگىلەيدىغان ئورنى

قەھرلىك: (سۈپ.) قاتتىق غەزەپكە تولغان

قەۋم: (ئى.) بىر ئۇرۇقتىن چىققان، ئۆزئارا قېرىنداشلىق، ئۇرۇق-تۇغقانلىق مۇناسىۋىتى بولغان كىشىلەر توپى؛ ئۇرۇق، ئايماق، قەبىلە

قەيسەرانە: (رەۋ.) قەيسەرلىك بىلەن، قەيسەرلەرگە خاس ھالدا، قەيسەر ھالەتتە

قورۇ: (ئى.) ھويلا ۋە ھويلا ئىچىدىكى ئۆي - ئىمارەتلەرنىڭ ئومۇمىي نامى.

قوۋزاق: (ئى.) ئۆسۈملۈكلەرنىڭ غول ۋە يىلتىزلىرى توملاشقا باشلىغاندا، سىرتقى پوستىنىڭ ئورنىدا قوغداش رولىنى ئوينايدىغان مۇرەككەپ توقۇلما

قېتىشما: (ئى.) بىر خىل مېتال ئېلېمېنت بىلەن باشقا مېتال ئېلېمېنتىنىڭ بىرگە ئېرىشىدىن ھاسىل بولغان ماددا

قىمىز: (ئى.) ئات ياكى تۆگە سۈتىنى ئېچىتىپ ئىشلەنگەن بىر خىل ئىچىملىك. ئازراق كەيپ قىلىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە

قىممەتلىك: سۈپ 1. باھاسى يۇقىرى، قىممەت تۇرىدىغان 2. كۆچمە. سېتىپ ئالغىلى بولمايدىغان

قىزغىن: سۈپ 1. سەممىي؛ 2. جۇش ئۇرغان، جانلانغان، جانلىق جۇشقۇن، قايناق

قىيسايـ-: (پ.) 1. يانتۇلاشماق، قىڭغايماق؛ 2. كۆچمە. بىر تەرەپكە قىڭغىيىپ ياتماق

-ك-

كاراپ: (ئى.) كۆچى زور، ۋەھشى بولغان بىر خىل بېلىق

كامالەت: (ئى.) تولۇق يېتىشكەنلىك، مۇكەممەللىك؛ ئالىي دەرىجە

كەشىپ قىل-: تاپماق، ئىجاد قىلماق، ياراتماق، بەرپا قىلماق

كەينىگە كىرىۋال-: ئارقىغا كىرىۋالماق، چاپلىشىۋالماق

كۈلۈچ: (ئى.) ۋىنتا، گايكا قاتارلىقلارنى بوشىتىش، چىڭىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان تۆمۈر ئەسۋاب

كونتروللۇقىغا چۈشۈپ قال-: باشقىلارنىڭ

باشقۇرۇشىغا كىرمەك، ئۆزى ھەققىدىكى قارارلارنى باشقىسى بەرمەك

كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە: ناھايىتى تېز يۈز بەرگەن، ئىنتايىن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە

كۆزنىڭ يېغىنى يە-: كىشىنىڭ قاتتىق زوقىنى تارتماق

كۆڭۈل بۆل-: غەمخورلۇق قىلماق، ئېتىبار بەرمەك، ئەھمىيەت بەرمەك، دىققەت قىلماق

كۆلەملەشكەن: (رەۋ.) ھەجمى كېڭەيگەن، تارقالغان

كۆپىنچە: (رەۋ.) ھەمىشە، دائىم

كۆيلە-: (پ.) بىرەر نەرسە، ئادەم ۋە شۇ قاتارلىق شەيئىلەرنى ناخشا-قوشاقلار بىلەن تەرىپلىمەك، مەدھىيلىمەك

كېسىپ ئېيت-: گەپنى ئېنىق ئېيتماق، سۆزنى ئۆزگەرتماي نەق گەپنى قىلماق

كېلىشمەسلىك: كۆتۈلمىگەن ئوڭۇشسىزلىق، پېشكەللىك، پالاكەت

كىلىمات: (ئى.) مەلۇم بىر رايوننىڭ كۆپ يىللىق كۆزىتىش ئارقىلىق خۇلاسىلەپ چىقىلغان ھاۋا رايى ئەھۋالى. ئادەتتە ئۇ ھاۋا ئېقىمى، كەڭلىك گرادۇسى، دېڭىز ئورنىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكى ۋە يەر شەكلى قاتارلىق ئامىللار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

-گ-

گۇۋاھچى: (ئى.) بىرەر ۋەقە، ھادىسە يۈز بەرگەن پەيتتە بار بولغان، ئۇنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن كىشى، شاھىد

گىرۋەك: (ئى.) بىرەر نەرسىنىڭ يېنى، ياقىسى، قىرغىقى

-ل-

لايىق: (سۈپ.) توغرا، ماس كېلىدىغان؛ مۇۋاپىق، مۇناسىپ

لېكسىيە: (ئى.) ئالىي مەكتەپ ياكى ئامما ئارىسىدا بىرەر تېما ئۈستىدە ئاغزاكى ياكى يازما تەرىقىدە سۆزلەنگەن نۇتۇق

-م-

مابەينىدە: تىر. داۋامىدا، ئارىلىقتا

ماقالە: (ئى.) گېزىت-ژۇرناللار ئۈچۈن يېزىلغان

ياكى ئۇلاردا بىسلغان، ھەجمى ئانچە چوڭ بولمىغان ئىلىم-پەن، ئەدەبىيات-سەنئەت نەتىجىلىرى توغرىسىدىكى ئىلمىي ئەسەر ياكى ئىجتىمائىي، سىياسىي مەسىلىلەرگە بېغىشلانغان ئەسەر

ماھارەت: (ئى.) بىرەر ئىش، كەسىپ، پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا يېتىلگەن ئىقتىدار، ماھىرلىق

ماختا-: (پ.) ياخشى تەرەپلىرىنى تىلغا ئالماق؛ ياخشى تەرەپلىرىنى كۆپتۈرمەك

مەپتۇن قىل-: بىراۋنى ئۆزىگە جەلپ قىلماق؛ ھېس-تۇيغۇ جەھەتتىن ئۆزىگە باغلىۋالماق

مەخلۇق: (ئى.) 1. ئىنسان ۋە پۈتۈن جانىۋارلارنىڭ، تىرىك مەۋجۇداتلارنىڭ ئومۇمىي نامى؛ 2. كۆچمە. بىرنەرسىگە ئوخشىمايدىغان، خۇنۇك ياكى ئەخلاقسىز، نىيىتى يامان ۋە شۇنىڭدەك ئۆزىنىڭ كۆڭلىگە ياقمىغان، ئۆچ كۆرىدىغان كىشىلەرنى كەمسىتىش ئۈچۈن ئىيتىلىدىغان سۆز

مەدەنىيەت: (ئى.) ئىنسانلارنىڭ تارىخ جەريانىدا ياراتقان يېڭىلىقلىرى، ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىقلىرى، ئۇتۇقلىرى

مەرىپەتپەرۋەر: (سۈپ.) مەرىپەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان، مەرىپەتنى ياقلايدىغان؛ ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەپدارى، قوللىغۇچىسى

مەڭدەپ: نېمە قىلىشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالماق، ھاڭۋېقىپ قالماق؛ ھاڭ-تاڭ قالماق، گاڭگىرىماق، ھودۇقماق، تەمتىرىمەك

مەڭگۈتاش: (ئى.) قەدىمكى شەھەر، مەھەللە، مۇنارلار، قەبرە، قەبرىگاھلارنىڭ يولىغا ياكى ئۇنىڭ ئالدىغا تىكلەپ قويۇلغان، ئۈستىگە مۇھىم خەت ئىبارىلەر ياكى سۈرەتلەر چېكىلگەن چوڭ خاتىرە تاشلار

مەلۇم: (سۈپ.) ئاشكارا، ئوچۇق، ئېنىق؛ ئالدىن بىلىنگەن

مەمنۇنلۇق: (ئى.) رازى، خۇرسەن، مىننەتدار بولۇش ئىشى، ھالىتى

مەزگىل: (ئى.) ۋاقىت، چاغ

مەيدە: (ئى.) بويۇننىڭ ئاستىنقى قىسمىدىن تارتىپ قورساقنىڭ ئۈستۈنكى قىسمىغىچە بولغان گەۋدە ئارىلىقىنى كۆرسىتىدۇ

مۇئەييەنلەشتۈر-: (پ.) گۇمان بار بولغان بىر ئىشنى ھەممىگە ئېنىق، ئاشكارا، بەلگىلىك ھالەتكە كەلتۈرمەك؛ باشقىلارنىڭ تۆھپە ۋە ئۇتۇقلىرىنى ئېتىراپ قىلماق

مۇجەسسەم: (سۈپ.) جەملەنگەن، يىغىلغان، توپلانغان

مۇقەددەس: 1. (سۈپ.) ئەزىز، ئۇلۇغ؛ 2. (سۈپ.) ئالىيجاناب، سۆيۈملۈك، بىباھا، شەرەپلىك

مۇڭ: (ئى.) غەم-قايغۇ، مەيۈسلۈك، كۆڭۈل يېرىملىق

مۇھاكىمە يىغىنى: بىرەر خۇلاسىگە كېلىش ئۈچۈن كۆپچىلىك بىلەن پىكىرلىشىش

ئۆچۈن ئىچىلغان يىغىن؛ مۇزاكىرە يىغىنى

مۇدۇرۇپ: (رەۋ.) پۇتلۇشۇپ، سەنتۈرۈلۈپ

مۆلدۈر: (ئى.) ئەتىيازنىڭ ئاخىرى ۋە ياز مەۋسۇملىرىدىكى يامغۇر پەسلىدە ھاۋا بوشلۇقىدىن ياغىدىغان ئۇششاق مۇز پارچىلىرى

مېھىر: (ئى.) كىشىنىڭ ئەتراپىتىكى شەيئىلەرگە بولغان مۇھەببىتى، كۆڭلىنىڭ ياخشى كۆرۈش تۇيغۇسى؛ كۆيۈم

مىكرو: (ئى.) كىچىك؛ كىچىك جەھەتتىكى

-ن-

ناتىق: (ئى.) سۆزمەن، نۇتۇق سۆزلەش ئىقتىدارى يۇقىرى، گەپكە ئۇستا، گەپدان

نامراتلىق: (ئى.) كەمبەغەللىك، نامرات، كەمبەغەل ھالەت ياكى نامرات بولۇش

نامايەن: (رەۋ.) ئېنىق، ئوچۇق گەۋدىلەنگەن، روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان

نامايەندە: (ئى.) 1. بىرەر ئىجتىمائىي گۇرۇھقا ياكى بىرەر ساھەگە، ئېقىمغا مەنسۇپ بولغان، ۋەكىل خاراكتېرلىك شەخس، ۋەكىل؛ 2. ئوخشاش تۈردىكى نەرسىلەر ئىچىدە ئەڭ مەشھۇر، ئەڭ ئالىي ئورۇندا تۇرىدىغان نەرسە، ئۆلگە

نامەلۇم: (سۈپ.) كىملىكى، نېمىلىكى ئېنىق بولمىغان، ئېنىقلانمىغان، ئېنىق ئەمەس

نەسىھەت: (ئى.) كىشىلەرنى ياخشى يولغا باشلاش، تەلىم-تەربىيە بېرىش مەقسىتىدە ئېيتىلغان گەپ؛ مەسلىھەت، تەلىم، ئۈگۈت

نەمۇنە: (ئى.) 1. ئۆلگە؛ 2. ئەۋرىشكە؛ 3. مىراس ياكى خاتىرە ئۈچۈن قالدۇرۇلغان يالداما، يادىكارلىق

نېرى: (رەۋ.) بىرئاز يىراق، ئارىلىق تاشلاپ

نىشان: (ئى.) بەلگە، ئالامەت، شەپە

-ھ-

ھاكىمىيەت: (ئى.) دۆلەت ۋە ئۇنىڭ ئورگانلىرى؛ ھۆكۈمەت

ھالاكەت: (ئى.) ئۆلۈم، قىرىلىش، يوقىلىش، مەغلۇپ بولۇش؛ ۋەيران بولۇش

ھالسىزلان-: (پ.) ماغدۇرسىزلانماق، ئاجىزلاشماق، كۈچىدىن كەتمەك

ھەمنەپەس: (سۈپ.) نىيىتى، مەقسىتى، ھەرىكىتى بىر، يېقىن ئۈلپەت، يېقىن دوست؛ بىر-بىرىگە يار-يۆلەك

ھۆسن قوش-: (پ.) گۈزەللىك قاتماق، تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرمەك

ھۆكۈمران: (ئى.) ھۆكۈم يۈرگۈزگۈچى؛ ئالىي

ھوقۇق ۋە ھاكىمىيەت ئىگىسى

ھۆنەرۋەن: (ئى.) بىرەر ھۆنەرنى ئىگىلىگەن ئۇستا، كەسىپ ئىگىسى

ھېرىسمەن: (سۈپ.) بىرەر ئىشقا ياكى بىرەر نەرسىگە ئادەتتىن تاشقىرى بېرىلىدىغان، قىزىقىدىغان، ئىنتىلىدىغان؛ مەستانە، ئامراق

ھېكايە: (ئى.) 1. بىرەر كىم، نەرسە، ۋەقە ياكى ھادىسە ھەققىدە ئاغزاكى بېرىلىدىغان مەلۇمات؛ بىرەر نەرسىنىڭ ئاغزاكى بايانى، تەپسىلاتى؛ 2. نەسرىي يول بىلەن يېزىلغان كىچىكرەك بەدىئىي ئەسەر

ھىلىھەم: (رەۋ.) ھازىر بولسىمۇ؛ ھېلىمۇ

ھىيلە-نەيرەڭ: (ئى.) ئالداش، ساختىلىق قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن ئۇسۇل، ساختىلىق

-ئو-

ئوقۇرمەن: (ئى.) كىتاب، گېزىت-ژۇرناللارنى ئوقۇۋاتقان قىزىققۇچى، كىتابخان

ئوي: (ئى.) بىرەر كىشى ياكى نەرسە ھەققىدە مۇلاھىزە قىلىش ۋە پىكىر يۈرگۈزۈش جەريانى، ئىچىدە قىلىنغان پىكىر، مۇلاھىزە

-ئۇ-

ئۇيقۇن: (ئى.) دېڭىزنىڭ تۇسالغۇ ھالىتىدىكى ناھايىتى كۈچلۈك دولقۇنى

ئۇپۇق: (ئى.) ئاسمان بىلەن يەر ياكى سۇ يۈزىنىڭ كۆز يەتكۈدەك يىراقلىقتا تۇتاشقاندەك كۆرۈنىدىغان قىسمى

ئۇسلۇب: (ئى.) 1. بىرەر دەۋر، مىللەت، ئېقىم ياكى بىرەر شەخسنىڭ بەدىئىي ئەسەردە ئىپادىلەنگەن ئاساسلىق ئىدىيەۋى ئالاھىدىلىكى ۋە سەنئەت ئالاھىدىلىكى؛ 2. يازغۇچىنىڭ تىل ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىشتىكى ئۆزىگە خاس يولى، ئۇسۇلى

ئۇل: (ئى.) بىنا، تام قاتارلىقلارنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى تۇتۇپ، كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان، يەر بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدىغان تەكتى قىسمى

ئۇيۇشۇش: (پ.) ئۆزئارا بىرلىشىپ ھەرىكەت قىلىش ئۈچۈن تۇپلانماق، بىرلەشمەك، جەم بولماق، تەشكىللەنمەك

-ئۆ-

ئۆسمۈرلۈك: (ئى.) مەلۇم رايوننىڭ يەر يۈزىنى قاپلاپ تۇرغان، مەلۇم زىچلىقتا ئىگە

بولغان نۇرغۇنلىغان ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يىغىندىسى

ئۆزگىچە: (سۈپ.) باشقىلىرىغا ئوخشىمايدىغان، ئادەتتىكىدىن باشقىچە

ئۈم: (سۈپ.) بىر- بىرىدىن ئايرىلمايدىغان، توپلىشىپ، ئىناق ياشايدىغان؛ ئىناق؛ ئىتتىپاق

-ئۈ-

ئۈششۈك: 1. (ئى.) كۈز ئاخىرلىشىپ، قىشنىڭ كىرىشى بىلەن يېتىپ كېلىدىغان بىر خىل سوغۇق ھاۋا ئېقىمى، ئۇ زىرائەتلەرنى ئۈششۈتۈپ كاردىن چىقىرىدۇ؛ 2. (سۈپ.) ئۈششۈگەن، ئۈششۈك تەگكەن

-ۋ-

ۋارىس: (ئى.) 1. مىراس ئېلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولغان شەخس، مىراسخور؛ 2. كۆچمە. ئالدىنقىلارنىڭ ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرغۇچى، ئىزىنى باسقۇچى، ئىزباسار

ۋەزىپە: (ئى.) زىممىسىگە يۈكلەنگەن، ئۆتەشكە تېگىشلىك بولغان مەجبۇرىيەت؛ قىلىش كېرەك بولغان ئىش

ۋەھىمە: (ئى.) قاتتىق قورقۇش، غەم-ئەندىشە، ئەنسىزلىك نەتىجىسىدە پەيدا بولغان روھىي ھالەت

-ئې-

ئېرەن قىل-: (پ.) پىسەنت قىلماق؛ ئېتىبار قىلماق

ئېقىن سۇ: ئېقىۋاتقان سۇ، ئېقىم

ئېكسپېدىتسىيە: (ئى.) مەلۇم جاينىڭ يەر بايلىقى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قاتارلىقلار ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان گېئولوگىيەلىك ياكى ئارخېئولوگىيەلىك چارلاش، تەكشۈرۈش ياكى بۇ مەقسەتلەر ئۈچۈن قىلىنغان سەپەر

ئېنىقلىما: (ئى.) تەبىر، قىسقىچە چۈشەندۈرۈش

ئېھتىمال: (رەۋ.) ئەمەلگە ئېشىش، يۈز بېرىش، رىياللىققا ئايلىنىش ئىمكانىيىتى، مۇمكىنلىك

ئېستېتىك: (سۈپ.) گۈزەللىك

-ئى-

ئىنرگىيە: (ئى.) كۈچ، قۇۋۋەت، بايلىق

ئىسلامىيەت: (ئى.) ئىسلام دىنى ۋە ئىسلام دۇنياسى

ئېتىقات قىل- : چوقۇنماق، باش ئۇرماق، تىۋىنماق

ئىپتىخارلىق: 1. (سۈپ.) پەخىرلىنىشكە لايىق، پەخىرلىك؛ 2. (ئى.) ئىپتىخارلىنىش، پەخىرلىنىش

ئىپتىدا: (رەۋ.) دەسلەپ، باشلىنىش، ئاۋۋال

ئىجرا قىل-: بىجىرمەك، ھەل قىلماق، يۈرگۈزمەك، ئورۇنلىماق

ئىرغىپ چۈش-: سىلكىنىپ چۈشمەك، سەكرەپ چۈشمەك

ئىستىقبال: (ئى.) 1. كەلگۈسىدىكى ھايات، تەرەققىيات يولى، كەلگۈسىدىكى چىقىش يولى؛ 2. بىرەر ئىشنىڭ، نەرسىنىڭ كېلەچەكتىكى تەقدىرى؛ ئاقىۋەت

ئىشىنىپ: (پ.) (ئىشەن- + -ىپ)، ئىشەن-: دېگەنلىرىنى توغرا ۋە راست دەپ ئويلىماق

ئىقتىدار: (ئى.) بىر ئىشنى قىلىشقا كېرەك بولىدىغان قابىلىيەت

ئىقتىسادشۇناس: (ئى.) ئىقتىساد ئىلمى مۇتەخەسسىسى

ئىنئام: (ئى.) باشقىسى تەرىپىدىن بېرىلگەن سوۋغا؛ ھەدىيە، تارتۇق، مۇكاپات

ئىنتىھا: (ئى.) ئاخىرقى نۇقتا، ئاخىرلىشىش

ئىنسانىيەت: (ئى.) ئىنسانلار، ئادەملەر

-ي-

يات: 1. (سۈپ.) قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى بولمىغان، تۇغقانچىلىقى يوق؛ 2. (سۈپ.) تونۇشلۇقى يوق، تونۇشمايدىغان، تونۇش ئەمەس، ناتونۇش؛ 3. (سۈپ.) بىرەر نەرسە ياكى كىشىگە تەئەللۇق بولمىغان، مۇناسىۋەتسىز

يادىكارلىق: (ئى.) بۇرۇندىن مىراس قېلىنغان، قارشى تەرەپنىڭ ئۆزىنى ئەسلىشى، ئۈنتۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن بېرىلگەن ھەدىيە؛ 2. تارىختىن قېلىپ قالغان ۋە خاتىرە سۈپىتىدە ساقلىنىدىغان نەرسىلەر

يەڭگىل: سۈپ 1. يېنىك؛ 2. كۆچمە. مىجەزى ئىتتىك، قىزىققان؛ ئالدىراڭغۇ

يورغا: (ئى.) رىتىمنى بۇزماي، بىر خىلدا ھەم سىلىق ھەم يۈگۈرگەندەك ئىتتىك ماڭىدىغان ئات

يۇغۇرۇل-: (پ.) بىرلەشتۈرۈلمەك، ئۆزلەشتۈ-رۈلمەك، قايىنىشىپ بىر بولۇپ كەتمەك

يۇمشاق: 1. (سۈپ.) قاتتىق ئەمەس، يۇمران: يۇمشاق كۆرپە. يۇمشاق نان. 2. (سۈپ.) يېنىك، يەڭگىل، سىلىق

يىپىنچا: 1. (ئى.) ئۈستىگە يېپىۋالىدىغان، يېپىنىدىغان تون ۋە شۇ قاتارلىق نەرسىلەر؛ 2. (سۈپ.) ئۈستىنى يېپىش رولىنى ئوينايدىغان، ياپىدىغان

يىغىلباشتىن: (رەۋ.) قايتىدىن، قايتا باشتىن، باشقىدىن

مەنبەلەر

- ئابدۇقەييۇم خوجا، تۇرسۇن ئايۇپ، ئىسراپىل يۈسۈپ، ‹مەڭگۈتاش›، «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، ئۈرۈمچى، خەلق نەشرىياتى، 1984، بەت: 78 ـ 79.
- ئابدۇللا سۇلايمان، <دۇنيادا بىرلا خوتەن بار>، «دۇنيادا بىرلا خوتەن بار — يىللار، ئادەملەر، ۋەقەلەر»، ئۈرۈمچى، خەلق نەشرىياتى، 2003.
- ئابلەت قاسىم قاتارلىقلار، <كەكلىكلەر>، «تىل ـ ئەدەبىيات»، 5 ـ قىسىم، ئۈرۈمچى، مائارىپ نەشرىياتى، 1984، بەت: 18.
- ئابلىز ھېزىموۋ، «مىڭ بىر ساۋاق — سۆز ئويۇنلىرى»، ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، نەشر يىلى يوق.
- ئادىل مۇھەممەت، <ئىبن سىنا>، «ئىنسانىنىڭ لاتاپىتى ھايادۇر»، ئۈرۈمچى، گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىيات ۋە ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى، نەشر يىلى يوق، بەت: 1 ـ 5.
- ئارسلان ئابدۇللاھ تەھۇر، ئابدۇرېھىم راخمان، يارى ئەبەيدۇللا، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»، خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 2010.
- ئارسلان تالىپ، <سېلىم بوۋاي>، «ئەدەبىيات»، 10 ـ قىسىم، (سائادەت ئىمىن تەييارلىغان)، ئۈرۈمچى، مائارىپ نەشرىياتى، 2005، بەت: 27 ـ 35.
- ئازات سۇلتان قاتارلىقلار، ‹ئەتىرگۈلگە باھا›، «تىل ـ ئەدەبىيات»، 5 ـ يىللىق 2 ـ قىسىم، ئۈرۈمچى، مائارىپ نەشرىياتى، 2015، بەت: 84.
- ئازات سۇلتان قاتارلىقلار، ‹بوتۇلكىغا سېلىنغان خەت>، «تىل ـ ئەدەبىيات»، 5 ـ يىللىق 2 ـ قىسىم، ئۈرۈمچى، مائارىپ نەشرىياتى، 2015، بەت: 117.
- ئازات سۇلتان قاتارلىقلار، ‹قىزىقارلىق ئەدەبىيات›، «تىل ـ ئەدەبىيات»، 5 ـ يىللىق 2 ـ قىسىم، ئۈرۈمچى، مائارىپ نەشرىياتى، 2015، بەت: 169.
- ئازات سۇلتان قاتارلىقلار، <قىلىچ باتۇر>، «تىل ـ ئەدەبىيات»، 5 ـ يىللىق 2 ـ قىسىم، ئۈرۈمچى، مائارىپ نەشرىياتى، 2015، بەت: 181.
- ئازات سۇلتان قاتارلىقلار، <ئىنتېرنېت تورى دۇنيانى جەم قىلدى>، «تىل ـ ئەدەبىيات»، 5 ـ يىللىق 2 ـ قىسىم، ئۈرۈمچى، مائارىپ نەشرىياتى، 2015، بەت: 118.
- ئەكبەر غۇلام، <ئاۋۋال مەن تەپتىمىس>، «نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى»، ئۈرۈمچى، ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 2006، بەت: 8.
- ‹تەكلىماكان›:

https://www.uyghur-archive.com/izdinix/izdinish61028.html

- (ئېرىشىش: 2023 ـ 5 ـ 9، 21:00)

- جالالىدىن بەھرام، <ئاتا مېھرى>، «تىل-ئەدەبىيات»، (ئازات سۇلتان قاتارلىقلار تۈزگەن)، 5-يىللىق 2-قىسىم، ئۈرۈمچى، مائارىپ نەشرىياتى، 2015، بەت: 68.
- <چەۋگەن توپ ئويۇنى>

https://www.akademiye.org/ug/?p=12370

- (ئېرىشىش: 2023-12-06، 21:04)
- چىڭغىز ئايتماتوف، <تۇنجى قەلەم ھەققى>، «تىل-ئەدەبىيات»، (ئازات سۇلتان قاتارلىقلار تۈزگەن)، 5-يىللىق 2-قىسىم، ئۈرۈمچى، مائارىپ نەشرىياتى، 2005، 10-نەشرى. بەت: 144.
- رائىلە كاشىغەرىي، «مەھمۇد كاشىغەرىي ئوبۇلقاسىموۋ ئالماسبەك»، «چاغداش ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»، ئەنقەرە، گازى نەشرىياتى، 2017، بەت: 242-244.
- سائادەت ئىمىن، ‹تۆت بۇرادەرنىڭ سۆھبىتى›، «ئەدەبىيات»، 10-قىسىم، ئۈرۈمچى، مائارىپ نەشرىياتى، 2005، بەت: 171.
- سائادەت ئىمىن، ‹دولان راۋابى›، «ئەدەبىيات»، 10-قىسىم، ئۈرۈمچى، مائارىپ نەشرىياتى، 2005، بەت: 24.
- سائادەت ئىمىن، ‹قاناس كۆلى›، «ئەدەبىيات»، 10-قىسىم، ئۈرۈمچى، مائارىپ نەشرىياتى، 2005، بەت: 20.
- شۆكۈر يالقىن، <ئانا تىلىم>، «ئەدەبىيات»، 10- قىسىم، (سائادەت ئىمىن تەييارلىغان) ئۈرۈمچى، مائارىپ نەشرىياتى، 2005، بەت: 150.
- غازى ئەھمەت، ‹قەلبىمدىكى ئۆچمەس سۈرەتلەر›، «ھاياتىمدىكى ئۆچمەس سۈرەتلەر»، ئۈرۈمچى، خەلق نەشرىياتى، 2016.
- غەيرەتجان ئابدۇللا كالدىر، <خوتەن قەغىزى>، «تىل-ئەدەبىيات»، (ئازات سۇلتان قاتارلىقلار تۈزگەن)، 5-يىللىق 2-قىسىم، ئۈرۈمچى، مائارىپ نەشرىياتى، 2015، بەت: 21.
- كوللېكتىپ، <تېپىشماقلار>، «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»، 11- توم، ئۈرۈمچى، خەلق نەشرىياتى، 2005.
- كوللېكتىپ، <ماقال-تەمسىللەر>، «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»، 7- توم، خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 2005.
- لۇتپۇللا مۇتەللىپ، ‹يىللارغا جاۋاب›، «ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئاتاقلىق شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىدىن نەمۇنىلەر — يىللارغا جاۋاب»، (يالقۇن روزى تەييارلىغان)، ئۈرۈمچى، خەلق نەشرىياتى، 2008، بەت: 81.
- مەمتىلى تەۋپىق، ‹قۇتۇلۇش يولىدا›، «مەمتىلى ئەپەندى شېئىرلىرى»، (ئىبراھىم ئالپ تېكىن تەييارلىغان(، ئۈرۈمچى، خەلق نەشرىياتى، 2000، بەت: 28.
- مەھمۇد ئوبۇلقاسىموۋ ئالماسبەك، <ۋەتەن ئۇلۇغدۇر، مىللەت-مۇقەددەس>، «تالالنما» (ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئاسسانىي تەييارلىغان)، ئالمۇتا، مىر نەشرىياتى، 2013، بەت: 240.
- مۇنەۋۋەر ئېرىز، ‹ئۆسمۈرلۈك ئارقىلىق يانفوننى زەرەتلىگىلى بولامدۇ›، «بىلىم-كۈچ»، (تەرجىمە قىلغۇچى)، 2016، 8-سان، بەت: 22.

- مىرسۇلتان ئوسمانوف قاتارلىقلار، «هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا لۇغىتى »، ئۈرۈمچى، خەلق نەشرىياتى، 2009.
- ئويغان، ‹ئۇيغۇر تەنھەرىكەتچىسى نارىمان قۇربانوۋ دۇنيا مۇسابىقىسىدە يەنە ئالتۇن مېدالغا ئېرىشتى›، «ئىنتىپاق»، 2022، مارت 3 ـ (893) سان، بەت: 9.
- ئۆمەر ئابدۇللا ئەرقۇت، ‹مېنى تۇغقان كۆڭۈلگە مۇبارەك بولسۇن›، «ئەدەبىيات»، 10 ـ قىسىم، (سائادەت ئىمىن تۈزگەن)، ئۈرۈمچى، مائارىپ نەشرىياتى، 2005 ، بەت: 141.
- ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن كىروران، <توغراق>، «تىل ـ ئەدەبىيات»، 5 ـ يىللىق 2 ـ قىسىم، (ئازات سۇلتان قاتارلىقلار تەييارلىغان)، ئۈرۈمچى، مائارىپ نەشرىياتى، 2015، بەت: 2.

بەزى رەسىملەرنىڭ مەنبەسى

- 13 ـ بەتتىكى رەسىم: https://www.akademiye.org/ug/?p=7466 (ئېرىشىش: 2023 ـ 6 ـ 5، 22:00)
- 14 ـ بەتتىكى رەسىم: سائادەت ئىمىن، ‹سېلىم بوۋاينىڭ ھەيكىلى›، «ئەدەبىيات»، 10 ـ قىسىم، ئۈرۈمچى، مائارىپ نەشرىياتى، 2005 ، بەت: 3.
- 23 ـ بەتتىكى رەسىم: ئازات سۇلتان قاتارلىقلار، «تىل ـ ئەدەبىيات»، 5 ـ يىللىق 2 ـ قىسىم، ئۈرۈمچى، مائارىپ نەشرىياتى، 2015 ، بەت: 183 .
- 43 ـ بەتتىكى رەسىم: (قەدىمكى تۈرك يېزىقى)، ھۈسەيىن نامىك ئوركۇن، «ئەسكى تۈرك يازىتلارى»، ئەنقەرە، تۈرك تىل كۇرۇمۇ نەشرى، 1994، بەت: 25.
- 43 ـ بەتتىكى رەسىم: (قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى) (ئېرىشىش: 2022 ـ 9 ـ 20، 15:10)

https://turfan.bbaw.de/dta/u/images/u4688.jpg
- 44 ـ بەتتىكى رەسىم: «ئۇيغۇر يېڭى يېزىقىنىڭ ئاددىي ئىملا قائىدىسى»، ئۈرۈمچى، خەلق نەشرىياتى، 1965، بەت: 1.
- 48 ـ بەتتىكى رەسىم: (ئېرىشىش: 2022 ـ 3 ـ 7، 14:05)

https://www.pngwing.com/tr/free-png-bckuc
- 52 ـ بەتتىكى رەسىم: (ئېرىشىش: 2022 ـ 4 ـ 25، 18.00)

https://kultur.istanbul/turk-kultur-zenginligini-dunyaya-tanitan-bir-yazar-cengiz-aytmatov
- 56 ـ بەتتىكى رەسىم: (ئېرىشىش: 2022 ـ 5 ـ 16، 19:20)

https://www.haksozhaber.net/uygur-profesor-rahile-davuttan-8-aydir-haber-alinamiyor-107589h.htm
- 73 ـ ، 74 ـ بەتتىكى رەسىملەر: (ئېرىشىش: 2023 ـ 10 ـ 11، 20:00)

https://www.akademiye.org/ug/?p=12370
- 79 ـ بەتتىكى رەسىم: لۇتپۇللا مۇتەللىپ (ئېرىشىش: 2022 ـ 9 ـ 30، 19:25)

https://ug.wikipedia.org/wiki
- 80 ـ بەتتىكى رەسىم: ئازات سۇلتان قاتارلىقلار، «تىل ـ ئەدەبىيات»، 5 ـ يىللىق 2 ـ قىسىم، ئۈرۈمچى، مائارىپ نەشرىياتى، 2015، بەت: 23.

- 90 ـ بەتتىكى رەسىم: ئۇيغۇر چالغۇلىرى: يانار، «قىسقىچە ئۇيغۇر ئۆرپ ـ ئادەتلىرى قامۇسى»، (مەمەتتۇرسۇن زۇنۇن ئوقيا تۈزگەن)، لوندون، ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى، 2019، بەت: 31 .
- 94 ـ بەتتىكى رەسىم: (2022 ـ 4 ـ 5، 18:35)

/https://www.tdfizmirtemsilciligi.org/atli-ataturk-heykeli-acilis-toreni-daveti

- 95 ـ بەتتىكى رەسىم: (ئېرىشىش: 2023 ـ 12 ـ 7، 22:30)

https://medium.com/@10077elifyuksel/t%C3%BCrk-tari%CC%87hi%CC%87-ve- k%C3%B Clt%C3%BCr-a%C3%A7isindan-orhun-anitlari-55e3c2edb6d7

- 105 ـ بەتتىكى رەسىم: ئازات سۇلتان قاتارلىقلار، «تىل ـ ئەدەبىيات»، 5 ـ يىللىق 2 ـ قىسىم، ئۈرۈمچى، مائارىپ نەشرىياتى، 2015، بەت: 69.
- 108 ـ بەتتىكى رەسىم: (ئېرىشىش: 2022 ـ 2 ـ 23، 23:40)

https://www.facebook.com/Eynekhaber/photos/a.225763874596212/59221819 1284110/?type=3

- 116 ـ بەتتىكى رەسىم: (ئېرىشىش: 2022 ـ 7 ـ 17، 14:07)

https://www.rfa.org/uyghur/xewerler/medeniyet-tarix/mirsultan-osman-wapat-boldi-12012017222832.html

- 121 ـ بەتتىكى رەسىم: (ئېرىشىش: 2024 ـ 1 ـ 22، 22:15) https://www.keklik.gen.tr/keklik-kusu.html
- 123 ـ بەتتىكى رەسىم: نىياز كېرىم شەرقى، «ئۇيغۇر خەتتاتلىقى قوللانمىسى»، ئۈرۈمچى، گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى، 1992، بەت: 189 .
- 129 ـ بەتتىكى رەسىم: (ئېرىشىش: 2022 ـ 2 ـ 13، 12:50) https://www.akademiye.org/ug/?p=14853
- 131 ـ بەتتىكى رەسىم: (ئېرىشىش: 2021 ـ 10 ـ 16، 23:10)

https://www.pngwing.com/tr/free-png-bnwbn

- 135 ـ بەتتىكى رەسىم: (ئېرىشىش: 2024 ـ 5 ـ 4، 22:50)

https://www.trt.net.tr/uyghur/tyurk-dunys/2014/09/11/y-lhm-twkht-b-r-y-yd-n-buyn-k-shaen-b-laen-yt-p qwpmqt-122208-

- 139 ـ بەتتىكى رەسىم: «ئىنتىپاق»، 2022 مارت 3 ـ سان، (893 ـ سان)، بەت: 9 .


ئېلىپبە
1-كىتاب
تىل-ئەدەبىيات
3-كىتاب
تىل-ئەدەبىيات
5-كىتاب
تىل-ئەدەبىيات
2-كىتاب
تىل-ئەدەبىيات
4-كىتاب


ISBN 978-1-959397-21-2
9 781959 397212 >






ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى